# تۇرسۇن ئىسلام



# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 60 يىلى

(1949-1944)

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئاۋتور

تۇرسۇن ئىسلام نىياز ئوغلى

تۇرسۇن ئىسلام

# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 60 يىلى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

**تۇرسۇن ئىسلام**

**شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 60 يىلى**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى**
قىرغىزىستان بىشكەك شەھەرلىك ئىنسان ھوقۇقىنى
قوغداش «دېموكراتىيە» تەشكىلاتى
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇلجېلىل تۇران

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2004 - يىل 7 - ئاي ئىستانبۇل - تۈركىيە

Dağ ıtım
Abdulcelil Turan
Yenidoğ an mah 41· sk No:7/4
zeytinburnu/İ st
BaskıCilt:Bayrak Matbası

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 3
مۇئەللىپتىن ........................................ 9
1- شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي ھارپىسىدىكى ۋەزىيەت......... 13
2 - شەرقىي تۈركىستان يەرلىك خەلقلىرىنىڭ گومىنداڭ خىتاي
ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۈرشىنىڭ كۈچىيىشى........ 15
3 - نىلقىنىڭ ئازاد قىلىنىشى. ........................ 17
4 - غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى ۋە شەرقىي
تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى. ........................ 20
5 - ئىنقىلابىنىڭ 1944 - 1945 - يىللاردىكى
غەلىبىلىك يۈرۈشلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان
جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى........................ 27
6 - «11 ماددىلىق بېتىم» نىڭ ئىمزالىنىشى........................ 32
7 - 1944 - 1949 - يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا
يۈز بەرگەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇب
بولۇشى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ
يوقىتىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى........................ 38
شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي كوممۇنىست
قىزىل تېررورىغا قارشى كۈرەشلىرى........................ 44
قوشۇمچىلار:

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە تېررورىزم.......................62
شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان
ئىرقىي قىرغىنچىلىق توختىتىلسۇن!.................................72
مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش يولىدا
خاتىرە سۈرەتلەر .......................................................79



## كىرىش سۆز

ھوقۇق قوغدىغۇچى، قانۇنچى تۇرسۇن نىياز ئوغلى ئىسلاموۋ 1936 - يىلى 9 - ماي كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى غۇلجىدا تاماملىغان. 1952 – 1954 - يىللىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھرىدىكى ئۆلكىلىك سودا - ئىقتىساد تېخنىكومىنىڭ ئىقتىساد بۆلۈمىنى ئەلا نەتىجىدە پۈتتۈرۈپ، 1955 - يىلى 6 - ئايغىچە غۇلجا شەھەرلىك «يىپ ماللار سودىسى» ئىدارىسىدا ئىقتىسادچى ۋە ماگىزىن مۇدىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇ 1955 - يىلى 7 - ئايدا قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان.

1966 - 1972 - يىللىرى قىرغىزىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ ، ئۇنى نەتىجىلىك تاماملىغاندىن كېيىن، 1972 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە قىرغىزىستاندا ئادۋكات، قانۇن مەسلىھەتچىسى ، قارابالتا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1996 - يىلى پېنسىيىگە چىققان. ئۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى قوغداش مەقسىتىدە 1997 - يىلى بىشكېكتىكى ئىنسان ھوقۇقىنى قوغداش «دېموكراتىيە» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

تۇرسۇن ئىسلام 1998 - يىلى ئىستامبۇلدا خەلقئارالىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنى قۇرۇشتا تەشەببۇسكارلارنىڭ بىرى بولۇپ ، قۇرۇلتايدا مىللىي مەركەزنىڭ رىۋىزىيە ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش

كومىسسىيەسىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. شۇنىڭدەك 1999 - يىلى ئۆكتەبىردە گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە ئېچىلغان 2 - نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيىغا قىرغىزىستاندىن ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان ۋە بۇ قۇرۇلتايدا باش تەپتىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن.

ۋەتەن داۋاسىنى خەلقئارا سەھنىگە كۆتۈرۈشتە تۇرسۇن ئىسلام بۇ داۋانىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ 1998 - يىلى ئەنقەرەدە تۈركىيە پارلامېنت مۇنبىرىدە سۆز قىلىپ: شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۈگۈنكى پاجىئەلىك ئەھۋالىنى، خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەھشىيانە سىياسىتىنى پاش قىلدى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەققانىي، مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى كېرەك ئىكەنلىكى، بۇ مۇستافا كامال ئاتا تۈركنىڭ ۋەسىيىتى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

كىتابنىڭ ئاپتورى تۇرسۇن ئىسلام قانۇنشۇناسلىق ئىلمى ۋە سىياسى ساھەدە قەدەملەپ ئىلگىرىلەۋاتقان قابىلىيەتلىك تەشكىلاتچى ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنىڭ بىرسىدۇر.

ئۇ 1997 - يىلى 5 - فېۋرالدا غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تىنچلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان نامايىشىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قانلىق باستۇرغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، شۇ يىلى 21 - فېۋرالدا، شۇنىڭدەك 1999 - يىلى 10 - دېكابىر كۈنى بىشكېكتىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا پىكېت (نامايىش) ئۇيۇشتۇرۇپ، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان جىنايى سىياسىتىنى توختىتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدەك خىتاي باش ئەلچىسىگە نارازىلىق خەت تاپشۇرۇپ، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە چەتئەل مەتبۇئات ۋە تېلېۋىزىيىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان دىققىتىنى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغىدى.

تۇرسۇن ئىسلام 1999 - يىلى ئۆكتەبىردە ميۇنخېن شەھىرىدە ئېچىلغان شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيىغا، 2000 - يىلى نويابىردا ئېستونىيەنىڭ مەركىزى تاللىن شەھىرىدە بولغان دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىغا، 2001 - يىلى بېلگىيىنىڭ پايتەختى بروكسېلدە ياۋروپا پارلامېنت بىناسىدا ئېچىلغان «ئىنسان ھەقلىرى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى»غا، 2002 - يىلى ماي ئېيىدا ۋاشىنگتوندا ئېچىلغان ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلتىيىغا، شۇنداقلا 2002 - يىلى 2 - 3 - نويابىردا ئالبانىيە مەركىزى تىرانا شەھىرىدە ئېچىلغان خەلقئارالىق ترانسناتسىئونال رادىكال پارتىيىسىنىڭ كونگرېسىغا قاتنىشىپ، «ئىنسان ھوقۇقى ۋە تېررورىزم» تېمىسىدا سىياسى دوكلات قىلىپ، خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا قوللىنىۋاتقان گېنوتسىد سىياسىتىنى پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا پاش قىلدى.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، 1944 - 1949 - يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا بولۇپ ئۆتكەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئۇنتۇلماس شۆھرەتلىك سەھىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئازاد شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى جۇمھۇرىيىتى دۆلىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي دۆلەتلىرى تارىخى نۇقتا نەزەرىدىن ھېسابلىغاندا 6 - مىللىي مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تامامەن يېڭى، ئىلغار بىر دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭ تەركىبىدە خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى بىلەن ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇ ئىككى تەشكىلاتقا مىڭلىغان ئىلغار ياشلىرىمىز بىلەن

ئىنقىلابى زىيالىيلىرىمىز كىرگەنىدى. 30 مىڭ كىشىلىك مۇنتەزىم مىللىي ئارمىيىمىز مەغرۇرلۇق بىلەن قاتارغا تىزىلغانىدى.

ئاپتور ئۆز كىتابىنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 60 يىل تولىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەنە شۇ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ، قۇربان بولغان ۋە قانلىق جەڭلەرگە قاتناشقان مىللىي ئارمىيە جەڭچى ئوفىتسېر غازىلارغا بېغىشلىغان.

بۇ كىتاب، ياشلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىكتە تەربىيىلەشتە چوڭ رول ئوينايدۇ. شۇنىڭدەك ئۆز خەلقىنىڭ ئۆتمۈش كۈرەش تارىخىنى ئۆگىنىپ ، كېلەچەكتە ۋەتەن ۋە مىللەت ئازادلىقى ئۈچۈن ئاكتىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.

تۇرسۇن ئىسلام هوقۇق قوغداش ۋەزىپىسىنىڭ سىرتىدا ئۇ يەنە قانۇنشۇناسلىق ئىلمى ۋە سىياسى پائالىيەتلەر بىلەن ھەم شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. بىز ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسى پائالىيەتلىرىگە چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

**ئەزىز نارىنبايېۋ**

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەخرى ئاكادېمىكى، قىرغىزستاندا ئىلىم پەنگە خىزمەت كۆرسەتكەن ئەرباب، فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور.

قىرغىزستان، بىشكېك شەھرى

2003 - يىل ، ئىيۇل



**مۇئەللىپتىن**

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ، 1944 - 1949 - يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن قازاق، قىرغىز ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ھەم مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ كۈرەش قىلغان غازى ئاكىلارغا بېغىشلاندى.

ۋەتىنىمىزدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئۇنتۇلماس شۆھرەتلىك سەھىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئاخىرقى مۇستەقىل دېموكراتىك ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي تېپىشىغا ئىككى ئىمپېرىيە - سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى يول قويمىدى. 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى جىسمانىي يوق قىلىنغاندىن كېيىن، ستالىننىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى خىتايلار قانۇنسىزلىق بىلەن بېسىۋالدى. بۇ مۇقەددەس يەرنىڭ ئىسمى زورلۇق بىلەن «شىنجاڭ» دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئۇنى دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن يوشۇردى. تارىخىمىزنى بۇرمىلاپ ساختىلاشتۇرۇپ ، مىللىتىمىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئاتالمىش «تېررورچىلار ۋە مىللىي

بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش» نىقابى بىلەن ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن بۇيان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنسانى ھوقۇقى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھەققىدىكى تىنچ ئارزۇ - ئىستەكلىرى دەپسەندە قىلىندى. خەلقىمىزنىڭ قانۇنى سىياسى تەلەپلىرىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلماي ، دۆلەت تېررورلۇق سىياسىتىنى قوللانماقتا. مىللىتىمىزنى دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇپ ، 50 يىلدىن بۇيان گېنوتسىد سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە.

خىتايلار 2001 - يىلىنىڭ 11 - سېنتەبىر كۈنى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن تېررورلۇق پاجىئەدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە «تېررورچىلار» دەپ كۆرسىتىشكە جان - دىلى بىلەن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. خەلقئارالىق ئابرويلۇق كەچۈرۈم تەشكىلاتى 1999 - يىلى 25 - ئاپرېل كۈنى 92 بەتلىك شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ئېغىر دەپسەندە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ئومۇمى دوكلاتىنى (ھۆججەتنى) پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىپ ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىۋاتقان زۇلۇمىنى ئوچۇق پاش قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشغالىيىتى ۋە زۇلۇمىغا قارشى ئازادلىق كۈرىشىنى ئۇيغۇر خەلقى بىر كۈنمۇ توختاتقىنى يوق. ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش



قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى جۈملىدىن «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى دۇنياغا تونۇتالىدى.

ياۋروپا مەملىكەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ھەق - ھوقۇقلىرى ئۈچۈن تىنچلىق يول بىلەن قىلىۋاتقان كۈرىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەۋاتىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: دۇنياغا مەلۇمكى 2001 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر كۈنى بېلگىيىنىڭ پايتەختى بروكسېل شەھرىدە ياۋروپا پارلامېنت بىناسىدا «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىي»نىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال (ئوككۇپاتسىيە) قىلغان 50 يىل مابەينىدىكى ۋەزىيىتى» ماۋزۇلۇق خەلقئارالىق كونفىرانسىيىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى تېررورچىمۇ ئەمەس ، بۆلگۈنچىمۇ ئەمەس. ئۇ ئۆز يېرىدە ئازاد ، ئەركىن ياشاشنى خالايدۇ. بۇ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ب د ت نىڭ ئىنسان ھەقلىرى دېكلوراتسىيىسىگە ئاساسەن تىنچ سىياسى يول بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئېلىپ بارىدىغان كۈرىشىمىزنىڭ ئاساسى ئىستراتېگىيىسى، بىرلا نىشاننى يەنى 1944 - 1949 - يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانۇنسىز بېسىۋېلىنغان دۆلىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ، بۇ داۋانى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا

يەتكۈزۈپ ۋە خەلقئارادا قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاخىردا بۇ كىتابنى چىقىرىشتا ماددى ۋە مەنىۋى ياردەمدە بولغان ۋەتەنپەرۋەرلەرگە كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن.

**تۇرسۇن ئىسلام**



## 1 ـ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ھارپىسىدىكى ۋەزىيەت

شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقنىڭ 1944 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە گومىنداڭ خىتاي زۇلۇمىغا قارشى ئېلىپ بارغان بۇ مىللىي ئىنقىلابى تاسادىپى تۇغۇلغان بولماستىن، شۇ چاغدىكى ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ۋە سىياسى، ئىجتىمائى سەۋەبلەر ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەندى.

شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي ئىنقىلابنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە گومىنداڭ خىتاي زۇلۇمىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان ھۆكۈمرانلىقى سەۋەب بولدى. دېمەك ، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقلەر تارىخى جەرياندا مۇستەملىكچىلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زۇلۇمىغا ئۇچراپ كەلگەن. ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك ، قىرغىز ۋە باشقا مىللەتلەر بۇ زۇلۇم ـ ئېكسپلاتاتسىيىگە چىدىماي دائىم قوراللىق قوزغىلىپ، كۈرەش قىلىپ كەلگەندى.

1931 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پارتلىغان قوراللىق قوزغىلاڭلار مۇستەملىكچىلەرگە بولغان كۈچلۈك قارشىلىقنى بىلدۈرەتتى.

ئەكسىيەتچى شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، ئالدامچىلىق بىلەن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ ، لېكىن خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ

ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇ جاڭ كەيشى گوروھىغا ئۆتۈپ كەتتى. شىڭ شىسەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر جەمئىيەت ئەربابلىرى ۋە زىيالىيلارنى كۆپلەپ قاماققا ئېلىپ ، تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلتۈردى. شىڭ شىسەي ھەر دائىم ئۈستۈلۈق بىلەن «مەخپى قوزغىلاڭ» ۋە «خائىنلەر دېلوسى» دېگەن يالغان نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىراتتى. شۇنىڭ بىلەن قانلىق تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىشى نەتىجىسىدە مىڭلىغان ئەيىبسىز ئادەملەر ئۆلتۈرۈلەتتى. شەرقىي تۈركىستاندا شىڭ شىسەي يىقىلىپ گومىنداڭ خىتاي ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتدا ھەم مىللىي زۇلۇم تېخىمۇ ئەۋج ئالدى.

سىياسىي كرىزىسكە قاراپ ئىقتىسادى ئەھۋالمۇ ناچارلىششقا باشلىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئالاقە بۇزۇلدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى مۇھىم بازاردىن مەھرۇم قىلىندى. سانائەت ماللىرى كەمەيدى. سودا ئوبوروتى توختىدى. دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ۋە سانائەت ماللىرىنىڭ باھاسى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقلەر يۈز بەردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر بۆلۈك سودىگەرلەر ۋەيران بولدى. ئەمما بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ پۈتۈن بازارنى مونوپولىيە قىلىپ باي بولۇشتى.

1944 - يىلى مال باھاسى تۆت يېرىم ھەسسە ئۆرلىدى. سودا - سانائەتچىلەر ئىچىدە ئىشسىزلىق كۆپەيدى. خەلق



تۈرمۇشى ئىنتايىن ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئەسكەرلەرنى كۆپەيتىشكە ئۇنىڭ بېقىش چىقىملىرى كۆپەيدى. مەسىلەن: 1943 - يىلى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 20 مىڭ بولغان بولسا ، كېيىن ئۇنىڭ سانى 100 مىڭغا يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت باج ۋە سېلىقلارنى دائىم كۆپەيتىپ ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئېغىرلاشتۇردى. مۇستەملىكە زۇلۇمنىڭ چوڭقۇرلىششى ، ئىقتىسادى ئەھۋالنىڭ كۈندىن - كۈنگە ناچارلىششى ئارقىسىدا ھەددىدىن ئاشقان ئېكسپلاتاتسىيە ئىنتايىن ئېغىرلاشتى. مۇنداق ۋەزىيەتتە خەلق قوزغىلىپ باسقۇنچىلارغا قارشى كۈرەش قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## 2 — شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ گومىنداڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۈرىشىنىڭ كۈچىيىشى

شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب ، ئېزىلگەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقلىقتا ئېلىپ بارغان ئۇزۇن يىللىق كۈرىشىنىڭ يىغىندىسى بولدى. ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ۋە تاشقورغان ئەترايپلىرىدا خېلى بۇرۇنلا باسقۇنچىلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوراللىق كۈرەش باشلانغانىدى.

1940 - يىلى شىڭ شىسەي تاغلىق رايوندا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ قارشىلىقىدىن قورقۇپ قورالارنى يىغىۋېلىش بۇيرۇقى

ئېلان قىلدى. ئەمما كۆپچىلىك خەلق قورال تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. شىڭ شىسەي شۇ يىلى فېۋرال ئېيىدا ئاتالمىش «قورال -- ياراغ ئىنقىلاش كومىتېتى» نى چارۋىچىلىق رايونلاردىكى خەلقنىڭ قوراللىرىنى زورلۇق بىلەن يىغىۋېلىشقا ئەۋەتتى. بۇ ئەھۋال چارۋىچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلار ساقچى ئىدارە باشلىقى ۋە «قورال ئىنقىلاش خادىملىرى» نى ئۆلتۈرۈپ، تۆت يۈزدەك ئادەم كۆكتوقاي ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭدەك چىڭگىل ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلار ھەم كەڭ كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ باشلىدى. ھۆكۈمەت كۆپ چېرىكلەرنى ئەۋەتىپ باستۇرۇش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلارنى تولۇقى بىلەن يوق قىلالمىدى. ئۇلار پارتىزانلىق ھەرىكەت قىلغاچقا ھۆكۈمەتنىڭ پىلانى ئىشقا ئاشمىغان. 1943 - يىلى ئاپرېلدا خىتاي ئارمىيىسى ئۈچۈن 10 مىڭ تۇياق ئات سېلىقى، غەزەپلىنىپ تۇرغان خەلقنى ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىشقا تارتتى. ئالتايدىكى چارۋىچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىڭگىل ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى.

خەلق دەلىلخان سۇغۇر بايېۋنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ پارتىزان ئەترىتىنى تەشكىل قىلدى.

شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبى (تاشقورغان) رايونلىرىدىمۇ قوراللىق كۆرەش باشلانغانىدى. ئىسھاقبېك باشچىلىقىدا پارتىزان ئەترىتى ھەرىكەتلەنمەكتە ئىدى.



شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە جايلىرىدا ئېزىلگەن خەلقنىڭ قوراللىق كۆتۈرۈلۈشى، بۇ خىتاي باسقۇنچىلىرى زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دەسلەپكى قارشىلىق ئىدى. بۇ قوراللىق قارشىلىق شىڭ شىسەيدىن كېيىنكى ھۆكۈمران گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارىتىلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان شارائىتتا مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش، ئىقتىسادى ۋەيرانچىلىق، مەدەنى مائارىپنىڭ ناچارلىشىشى، دۆلەت تېررورلىقى مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سىياسى جەھەتتە ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىنسانى ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

غەزەپ - نەپرىتى چېكىگە يەتكەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى كۆرەش قىلىش ۋە ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن بارلىق خەلق بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

## 3 - ئىلىنىڭ ئازاد قىلىنىشى

1944 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئىلىنىڭ غەربى تەرىپىدىكى ئۇلاستايدا خىتاي مۇستەملىكچىلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. غېنى باتۇر، فاتىخ باتۇر، ئەكبەر سېيىت، رەپىق، ھۇشۇر، نۇر، خەمىت ۋە ئوسمان باتۇرلار يېتەكچىلىكىدە ئۈچ پارتىزان ئەترەتلىرى تەشكىل قىلىندى. ئۇلار ئۇلاستاي تاغ رايونىنى مەركەز بازا قىلىپ، جارتوغان، كۆكباي، جالىقول قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ

ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىق - تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. ھەر مىللەت خەلقلىرىدىن پارتىزان ئەترىتىگە پىدائىيلارنى قوبۇل قىلىپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدە پارتىزانلارنىڭ سانى 600 دىن ئېشىپ كەتكەن.

1944 - يىلى 6 - ئۆكتەبىر كۈنى تاڭ سەھەردە پارتىزانلار جەنۇب، شىمال ۋە غەرب ئۈچ تەرەپتىن نىلقا ناھىيە بازىرىنى قورشىۋالدى. غېنى باتۇر باشچىلىقىدىكى چوڭ ئەترەت جەنۇب تەرەپكە، ئەكبەر باتۇر باشچىلىقىدىكى چوڭ ئەترەت غەرب تەرەپكە، بايچۇرىن قول ئاستىدىكى ئەترەت شىمال تەرەپكە ئورۇنلاشقانىدى. پارتىزانلار ئۈچ تەرەپلەپ تەڭلا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم باشلىدى. پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ماسلىشىپ غەزەپ تاقىتى چېكىگە يەتكەن ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرىغا قارشى قولىغا كالتەك - توقماقلا ئېلىپ «ۋۇررا» ئاۋازى بىلەن قوزغالدى. خىتايلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن قېچىپ چىقىپ ساقچى ئىدارىسىغا كىرىۋالدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ تېمى ۋە مۇستەھكەم ئىستىھكامى بولغانلىقى ئۈچۈن جەڭ بىر كېچە كۈندۈز داۋاملاشتى. ئاخىرى پارتىزانلار ساقچى ئىدارىسىنىڭ تېمىنى پارتلىتىۋەتكەندىن كېيىنلا ھۇجۇم خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى.

7 - نويابىر كۈنى 200 دەك گومىنداڭچىلار تەسلىم بولۇپ، ئاق بايراق چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن نىلقا ناھىيىسى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى. بۇ شىددەتلىك جەڭدە پارتىزان ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان خەمىت باتۇر ئېغىر



يارىدار بولغاندىن كېيىن قۇربان بولدى. نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ ئابرۇيى ناھايىتى تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پارتىزانلارنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك تېز بولدىكى تېز ۋاقىت ئىچىدە توققۇز تارا، تىكەس ئەتراپىغا كېڭەيدى ۋە مازارغا ھۇجۇم باشلىدى. خىتايلار مازارنىڭ ھەربىي ئەھمىيىتىنى ياخشى بىلەتتى. ئەگەر مازار پارتىزانلار قولىغا ئۆتۈپ كەتسە، غۇلجا ۋە جىڭغا يول ئوچۇق بولىدىغىنىدىن بەك قورقاتتى. شۇڭا بىر تەرەپتىن ماناس مۇداپىئەسىنى كۈچلەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نىلقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى پارتىزانلاردىن قايتۇرۇپ ئالماقچى بولۇشتى.

1944 - يىلى 22 - ئۆكتەبىر كۈنى خىتايلارنىڭ ئىككى روتا ئەسكىرى تاشداۋان ئارقىلىق نىلقىغا ھۇجۇم قوزغىدى. پارتىزانلار رەھبەرلىكى ئەكبەر باتۇر باشچىلىقىدىكى چوڭ ئەترەتكە دۈشمەننى نىلقىغا كىرگۈزمەي، يولدا توسۇپ يوق قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئەكبەر باتۇر بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن باسلىغان داۋاندىن ئۆتۈپ، خىتايلار بىلەن شىددەتلىك بىر كېچە كۈندۈز جەڭ قىلدى. ئاخىرىدا خىتايلار 80 دىن ئارتۇق ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ تار - مار بولۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

نىلقىدا كۆتۈرۈلگەن يەرلىك خەلقنىڭ قوراللىق ئىنقىلابى كۈرىشىنى باسقۇنچىلار «ئالتە ئوغرىنىڭ قوزغىلىڭى» دەپ كەمسىتىپ، ھاقارەتلەپ خەلقنى ئالدىماقچى بولغان بولسىمۇ،

لېكىن نىلقا ناھىيىسىدىكى قوراللىق كۆرىشىنىڭ نەتىجىسى ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىق پىلانلىرىنى تار مار قىلىۋەتتى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى بارغانسېرى كېڭەيدى. خەلق ئاغزىدا داستان بولۇپ كەتكەن غېنى باتۇر، فاتىخ باتۇر، ئەكبەر باتۇر، ئوسمان، نۇر ۋە ھۆشۇر باتۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ئايىماي، خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرىنچىلەردىن بولۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇلار نىلقا، غۇلجا ۋە باشقا مۇھىم جايلارنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشتا تارىختا ئۇنتۇلمايدىغان باتۇرلۇق كۆرسەتتى.

## 4 — غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

نىلقىدا كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تاغلىق رايونلارغا جەلپ قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭچىلار غۇلجا شەھىرىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلالمايتتى. بۇ ئىنقىلابچىلار ئۈچۈن چوڭ پۇرسەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» غۇلجىدا قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن بىللە، نىلقا تاغلىرىدا جەڭ قىلىۋاتقان پارتىزانلارنى تېز ئارىدا يېتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىگە قاتنىشىشقا بۇيرىدى. بۇ



ۋاقىتتا پارتىزانلارنىڭ سانى جەمئىي 1500 دىن ئارتۇق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ رەسمىي قوراللانغانلىرى 500 گە يەتمەيتتى. قورال، ئوق - دورىلار يېتىشمەيتتى. لېكىن پارتىزانلارنىڭ ئىنقىلابىي روھى كۈچلۈك بولۇپ، خىتايلارغا زەربە بېرىش ئىرادىسى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. پارتىزانلار شتابى «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ يول - يورۇقى بويىچە غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا پائال تەييارلىق قىلدى. پارتىزانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن غۇلجىدىن چىققان خىتايلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە بىر قىسىم كۈچنى ئاۋۋالدا قالدۇرغاندىن باشقا، ئاساسلىق قىسىم ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ تايانچ پونكىتلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ تاغ يوللىرى ئارقىلىق غۇلجىغا قاراپ ماڭدى.

نىلقا پارتىزانلىرى 6 - نويابىر كۈنى تاڭ سەھەردە غۇلجىغا ئاتلاندى. ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ ئەترەت غېنى باتۇر باشچىلىقىدا غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن، سېيىت باتۇر باشچىلىقىدىكى چوڭ ئەترەت غەربىي شىمالدىن، پاتىخ باتۇر رەھبەرلىكىدىكى چوڭ ئەترەت شەرقىي شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدى. ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن غېنى باتۇرنىڭ ئەترىتى 7 - نويابىر كۈنى تاڭ سەھەردە قارادۆڭدىكى خىتاي شۆبە ساقچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى يوقىتىپ بىر قىسىم قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى. تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىپ، مۇشۇ

تۇرمىدە قامىلىپ ياتقان فاتىخ باتۇرنىڭ ئانىسى بىلەن بالا - چاقىسىنى قۇتقۇلدۇرۇپ، ئۆزلىرى بىللە ئېلىپ كەتتى.

7 - نويابىر كۈنى پارتىزانلارنىڭ قوماندانلىق شتابى «ئازادلىق تەشكىلات»نىڭ ھەربىي قوماندانلىق شتابى بىلەن ئالاقىلاشتى. قوماندانلىق شتاب تەركىبى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، رەخىمجان سابىرھاجىيېۋ، قاسىمجان قەمبەرى، ئالېكساندر، ماناپ بېكتەمىروۋ ۋە مازاروۋلاردىن ئىبارەت ئىدى. «ئازادلىق تەشكىلات»نىڭ ھەربىي قوماندانلىق شتابى غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشنى 10 - نويابىر كۈنىگە توختاتقان بولسىمۇ، دۈشمەن بۇنى بىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ۋاقتىنى ئالغا سۈرۈپ 7 - نويابىرغا تەيىنلىدى.

غۇلجىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭلا تۇرپانيۈزى يېزىسىدا ئورۇنلاشقان پارتىزانلارنىڭ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشى قارار قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا خىتايلارنىڭ ئاساسى كۈچى ئىلىقا، ئۇلاستاي، سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى قاتارلىق جايلاردا بولۇپ، غۇلجا شەھەر ئىچىدە 128 - دېۋىزىيە 382 - پولكىنىڭ ئىككى باتالىيونى، ئامانلىق ساقلاش 4 - پولكى قاتارلىق قىسىملار جايلاشقانىدى. لېكىن خىتاي ئەسكەرلىرى بىر مەركەزلىك جايدا بولماي تارقاق ئىدى. ئۇ ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى، تېرە زاۋۇتى، ھەرەمباغ، ئايدوروم، لەڭشاڭ قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقانىدى.

7 - نويابىر كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن ئالېكساندر ئۇيغۇر ۋە قازاقلاردىن تەشكىل قىلىنغان 60 نەپەر قوراللىق



پارتىزاننى سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىن (قورغاس - ئىيىنتال) ئۆتۈپ غۇلجىغا كېلىپ ساقچى ئىدارىسى، ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار تېزلىكتە ۋالى مەھكىمە، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، كەسپى شىركەت ئارىلىقىدىكى قاتناش يولىنى قامال قىلدى. ئىلىقا پارتىزانلىرىمۇ ئۇلارغا ماسلاشتى.

10- نويابىر كېچىدە پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى پۈتۈن شەھەر بويىچە خىتاي قوشۇنلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاش بۇيرۇغىنى چۈشۈردى. ئەتىسى غۇلجا خەلقى قوزغىلاڭچىلارغا ئەگىشىپ "ۋۇررا"، "ئالغا!"، "خىتاي باسقۇنچىلىرىنى يوقىتايلى!" دېگەن شۇئارلار بىلەن ھۇجۇمغا كىرىشىپ كەتتى. دۈشمەن بىلەن بولغان شىددەتلىك جەڭ قاتتىق داۋام قىلدى. لېكىن گومىنداڭنىڭ شتابىنى تېزلا ئېلىشقا مۇمكىن بولمىدى. غېنى باتۇر، فاتىخ باتۇر، سېيىت، ئوسمان، نۇر باتۇرلار يېتەكچىلىكىدىكى ئىلىقا پارتىزانلىرى شەھەر خەلقى بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭنىڭ باش شتابى قوروسىنىڭ ئىچىگە ئۈچ تەرەپتىن بېسىپ كىرىپ، شتابنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا سېيىت باتۇر قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. بۇ جەڭدىن كېيىن خىتايلارنىڭ روھى چۈشۈپ، ئۇلار چوڭ تەشۋىش ئىچىدە قالدى. بۇ جەڭ ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق چوڭ غەلىبىسى ئىدى. ئەمدى قوزغىلاڭچىلار ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە دۆلەت بانكىسىغا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. غېنى باتۇر باشچىلىقىدىكى

قوزغىلاڭچىلار توغرا كۈۋرۈك، گىمنازىيە تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. جەڭ قاتتىق ئەۋج ئالدى. غېنى باتۇر جەڭچىلەرنى باشلاپ "ۋۇررا"، "ئالغا!" دەپ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بېسىپ كىرىپ، بۇ يەرنى خىتايلاردىن تازىلىدى.

بۇ جەڭدىن كېيىن غېنى باتۇر ئەترىتى باش ساقچى ئىدارىسىغا ئىككى كۈن ھۇجۇم قىلىپ 12 - نويابىر كۈنى ئۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. جەڭ بولۇۋاتقاندا باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي تۈرمىدە ياتقانلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى كۆرەڭگە قېچىپ كەتكەنىدى. ساقچى ئىدارىسى ئىشغال قىلىنغاندا خىتاي جاللانلىرى تېخى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن 300 دىن ئارتۇق كىشىنى ئازاد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھەر ئىچىدە خىتايلارنىڭ ئاساسى كۈچى يوق قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي تايانچ پونكىتلىرى ئىنقىلابچىلار قولىغا ئۆتتى.

ئۇلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بەرەمباغ، ئايدوروم، ئاۋئىاتسىيە تەلىم - تەربىيە ئەترىتى، لەڭشاڭ قاتارلىق جايلارغا تىقىلىپ قالغانىدى.

12 - نويابىر كۈنى غۇلجا شەھرىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز (ئۇ، قا، ق) كۆلۈبىدا تەنتەنىلىك چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ھۆكۈمەت تەركىبى ۋە ھەيئەتلەر نامزاتلىرى 8 - نويابىر كۈنى «ئازادلىق تەشكىلاتى» رەھبەرلىك كومىتېتى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ



قارارلاشتۇرۇلغانىدى. قارارغا ئاساسەن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى»دە: ئىچكى ئىشلار، تەپتىش، مالىيە، مائارىپ، سەھىيە، دىنى ئىشلار، ھەربىي نازارەتلىرى، ئالىي سوت، تەمىنات ئىدارىسى، ترانسپورت ئىدارىلىرى تەسىس قىلىندى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئەلىخان تۆرە، ھاكىمبەك خوجا، ئابدۇكېرىم ئابباس، رەخىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە ۋە موسكاليوۋ قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپتى.

ئەلىخان تۆرە - شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، ھاكىمبەك خوجا مۇئاۋىن رەئىس قىلىپ تەيىنلەندى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى تېگى يېشىل ئوتتۇرسىغا يېرىم ئاي ۋە يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن، دەپ قارار قىلىندى. «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 1944 - يىلى 13 - 14 - دېكابىر ۋە 1945 - يىلى 14 - يانۋار سانلىرىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ توققۇز ماددىلىق سىياسىي پروگراممىسى ئېلان قىلىنغانىدى.

پروگراممىدا: 1 - شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدا خىتاي ئىستىبداتىنى يوق قىلىش؛

2 - شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدا ياشاۋاتقان ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ باراۋەرلىكىگە ئاساسلىنىپ، ھەقىقىي ئازاد، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش؛

3 - مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قۇرۇش؛

4 - دىنىي ئېتىقادقا ھۆرمەت قىلىش؛

5 - ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا خەلق سايلاپ چىقىش؛

6 - دۇنيا خەلقچىل ھۆكۈمەتلىرى، خۇسۇسەن يېقىن قوشنا بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇش؛

7 - مائارىپنى تەرەققى قىلدۇرۇش؛

8 - پوچتا - تېلېگراف، بانكا، ئورمانچىلىق، يەر ئاستى ۋە ئۈستى بايلىقلىرى قاتارلىقلارنى دۆلەت قارىمىقىغا ئېلىش؛

9 - ئۇيغۇر يېزىقىنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت يېزىقى قىلىپ بېكىتىش؛

بۇ سىياسىي پروگراممىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت نۆۋەتتىكى ئاساسى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1 - گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ئاساسىنى قۇرۇش؛

2 - شەھەر - بازارلاردىكى ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛

3 - ھەرقايسى جايلاردا ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوراللىق كۈچلەر ئۈچۈن مەركىزى قوماندانلىق تەشكىللەش؛

4 - غۇلجىدىكى قوماندانلىق شتابىنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەربىي باش قوماندانلىق شتابى» دەپ بېكىتىش، خىتاي قوشۇنلىرى يەنىلا ھەرەمباغ، لەڭشاڭ ۋە ئايدروم قاتارلىق ئورۇنلارنى ئىگىلەپ يېتىپ، ئۈرۈمچىدىن ياردەم كۈتەتتى. سۈيدۈڭ، كۈرەلەردە خىتاينىڭ ھەربىي



چېرىكلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن باش قوماندانلىق شتاب تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1 - گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدە يوقىتىش؛

2 - ئاچال، كەڭسايلاردا مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛

3 - ھەرقايسى جايلاردا ئۇرۇش قىلىۋاتقان پارتىزان ئەترەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش؛

4 - گومىنداڭنىڭ غۇلجىغا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىشىگە يول قويماسلىق؛

5 - رازۋېدكا خىزمىتىنى كۈچلەندۈرۈپ، يەرلىك خەلقنى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش؛

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلى ئەتراپىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئۆز جايىدا يوق قىلىش پىلانلاشتۇرۇلدى.

## 5 — ئىنقىلابنىڭ 1944 - 1945 - يىللاردىكى غەلىبىلىك يۈرۈشلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئىنقىلابچىلارنىڭ ئومۇمى ھەرىكىتى ئۇتۇقلۇق داۋام قىلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە خىتايلارنىڭ ئاساسى ھەربىي كۈچلىرى ھەرەمباغ، لەڭشاڭ، ئايدروملارنى بازا قىلىپ، كۈچلۈك مۇداپىئە كۆردى. ئىنقىلابى ھەرىكەت ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بارلىق ناھىيەلىرىدە ئەۋج ئالدى. قورشاۋدىكى دۈشمەنگە تاشقىرىدىن

يارەم كېلىدىغان داۋان يوللىرى پارتىزان ئەترەتلىرى
تەرىپىدىن جىددى قامال قىلىندى. 12 - نويابىردىن باشلاپ ف.
لېسكىن پارتىزانلىرى لوسېگوۋڭنى مۇداپىئە قىلغانىدى.
دېكابىردا موگوتنوۋ پارتىزان ئەترەتلىرى سۆيدۈڭنى قورشىدى.
23 - دېكابىر كۈنى غېنى باتۇر ئەترىتى داشگۇر ئارقىلىق
ئاقبايتال داۋانىدىن ئېشىپ ئارشاڭنى قورشاۋغا ئالدى ۋە
ئىردەنىڭ مۇڭغۇل دېۋىزىيونى بىلەن بىرلىكتە ئارشاڭ ناھىيە
بازىرىنى ئازاد قىلدى. پولېنوۋنىڭ پارتىزانلىرى كەڭسايغا
ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىشغال قىلدى. كەڭساي، ئاچال،
كۆكچىن، قوشئەمچەك داۋانلىرى دۈشمەنىڭ ھەربىي قىسىم
كۈچلىرىنىڭ ئۆتىدىغان جايى ئىدى. بۇ جايلار سوۋېتتىن
كەلگەن دوستجانوۋ، ئېلىسېۋ، مەۋلانوۋ قاتارلىق ھەربىي
كوماندىرلار پارتىزانلىرى تەرىپىدىن مۇداپىئە قىلىندى.

بۇ كۈنلەردە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بارلىق ناھىيەلىرىدە
پارتىزان ئەترەتلىرى تەشكىل قىلىنىپ ھەرىكەتكە
كەلتۈرۈلگەنىدى. 29 - دېكابىردا ئىسھاقبېك پارتىزانلىرى
دۈشمەن پونكىتى بولغان كۈرەنى مۇھاسىرىغا ئېلىپ 31 -
دېكابىردا ئۇنى ئازاد قىلدى.

1945 - يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرلىرىدا ھەرەمباغ،
لەڭشاڭلارغا قاتتىق ھۇجۇم باشلىنىپ، 30 - يانۋار كۈنى
ئىشغال قىلىندى. غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىچى دۈشمەندىن
تازىلاندى.



شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا
ئاساسەن 1945 - يىلى 8 - ئاپرېل كۈنى بۇرۇنقى پارتىزان
ئەترەتلىرى ئاساسىدا مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە تەشكىل
قىلىندى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەھەرنىڭ غەربىي
قىسمىدىكى مەيداندا 10 مىڭلىغان ئادەمنىڭ قاتنىشىشى
بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا تۇغ
تاپشۇرۇش مۇراسىمى بولۇپ ئۆتتى ۋە ھەربىي پارات بولدى.
ھۆكۈمەت قارارىغا ئاساسەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى
بولۇپ، مارشال ئۇنۋانى بىلەن ھۆكۈمەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە
تەيىنلەندى. دەسلەپتە ھەربىي ئىشلارنى گېنېرال پولېنوۋ
باشقۇردى. شتاب باشلىقى مازاروۋ بولدى. كېيىنرەك گېنېرال -
لېيتېنانت ئىسھاقبېك، ئورۇنباسارى گېنېرال - مايور دەلىلخان،
پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپ بولدى. ئارمىيىنىڭ بىۋاستە
رەھبەرلىكىنىمۇ ئەلىخان تۆرە ئۈستىگە ئالدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ پاگونى، كىيىمى، بايرىقى، ئوردېن -
مېداللىرى بەلگىلەندى. ھەربىي قوماندانلىق شتاب قۇرۇلدى.
مىللىي ئارمىيىنىڭ تەركىبى غۇلجا پولكى، كەڭساي، تېكەس
ۋە سۈيدۈڭ ئاتلىق پولكلىرى، ئارتىللېرىيە دېۋىزىيونى،
مۇڭغۇل دېۋىزىيونى قاتارلىق بىر قانچە قىسىملاردىن تەركىب
تاپتى. نۆۋەتتىكى ھۇجۇم يۆنىلىشى بەلگىلەندى. ئۇلار ئوتتۇرا
يۆنىلىش قوماندانى گېنېرال - لېيتېنانت پولېنوۋ، مۇئاۋىنى
پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوۋ، جەنۇبىي يۆنىلىش قوماندانى

گېنېرال - لېيتېنانت ئىسھاقبېك مومىنوۋ، شىمالىي يۆنىلىشكە دەلىلخان ۋە پولكوۋنىك لېسكىنلار تەيىنلەندى.

سۇيدۇڭ ئاتلىق پولكى موگوتنوۋ باشچىلىقىدا سىمپتوزا، ئۆزۈن بۇلاقلارنى ئېلىپ، 3 - سېنتەبىر كۈنى چىلپەڭزىنى ئىشغال قىلدى. ئاندىن كېيىن شىخونى قورشاۋغا ئالدى. ئۇنىڭ قىسمىغا 6 - قازاق پولكى، مۇڭغۇل دىۋىزىيونى ۋە ئابلاخان ئەترىتى ماسلاشتى. لېسكىنىنىڭ كەڭساي 3 - ئاتلىق پولكىغا تېكەس ئاتلىق بىرىگادىسىنىڭ تۇڭگان پولكى، شىۋە ئېسكادرونى ۋە 4 - پولكىنىڭ بىرىنچى باتالىيونى ماسلىشىپ ھۇجۇم يۈرۈشىنى داۋام قىلدى. ئۇلار مايلى ۋە چۆچەكتىكى پارتىزانلار بىلەن بىرلىشىپ تۇگمەننى 29 - ئىيۇندا، دۆربىلجىن ۋە چۆچەكنى 31 - ئىيۇندا ئىشغال قىلدى. لېسكىن يەرلىك پىدائىلار ھېسابىغا پولكنى بىرىگادىغا ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ ئالتايغا ئاتلاندى.

دەلىلخان سۇگۇربايېۋ 1944 - يىلى ياز ئايلىرىدا ئالتايدا پارتىزان ئەترىتىنى تەشكىللەپ ھەرىكەت قىلغانىدى. لېسكىن ئۇنىڭ ئەترىتى ھىمايىسىدا ھۇجۇم باشلاپ ئىيول ۋە ئاۋغۇست ئايلىرىدا بورچىننى ئاندىن سارسۇمبىنى ئازاد قىلدى. لېسكىن ئالتايدا دەلىلخاننى قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىرىگادىسى بىلەن ماناس دەرياسى بويىغا كېلىپ ئۇ جاينى قامال قىلدى. شىخوغا موگوتنوۋنىڭ ھۇجۇمى، سۇيدۇڭ پولكى، 6 - قازاق پولكى، مۇڭغۇل دىۋىزىيونى ماسلىشىشىدا بولدى. شۇ كۈنى جىڭ ھەم ئازاد بولدى.



جەنۇبىي يۆنىلىش قوماندانى ئىسھاقبېك قەشقەر، ئۇلۇغچاتقا يۈرۈشكە ئاتلاندى. غۇلجىدىن قاسىمجان قەمبەرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار رەھبەرلىكىدە ئاتلانغان سوپاخۇننىڭ تېكەس پولكىغا مىرزىگۇل ناسىروۋنىڭ مەخسۇس دىۋىزىيونى ماسلاشتى. ئۇلار داۋان ئېشىپ باي ناھىيىسىنى، ئاندىن كونا ئاقسۇنى ئىشغال قىلدى. ئاقسۇ شەھرىنى مۇھاسىرە قىلىپ قاتتىق ھۇجۇم باشلىغان پەيتلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن فرونت لىنىيىسىدە بىر كۈننىڭ ئىچىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇملىرىغا قەتئىي چەك قويۇلدى. بۇ ھەرىكەت - ستالىننىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە نىسبەتەن قىلغان چوڭ خائىنلىقى ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي ئارمىيىسى زامانىۋى سەۋىيىلىك مۇنتىزىم ئارمىيە ئىدى. بۇ ئارمىيە بارلىق يۈرۈشلەردە خىتاي باسقۇنچى ئارمىيىسىنى تارمار قىلىپلا قالماستىن تەرتىپ ، ئىنتىزام، ئاڭ - سەۋىيە ۋە ھەربىي سۈپەتلىرى جەھەتتىنمۇ سېلىشتۇرغۇچى دەرىجىدە ئۈستۈن تۇراتتى. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرەيلى: 1950 - يىلى 10 - يانۋار كۈنى (شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئوككۇپاتسىيە قىلغاندىن كېيىن) ئۈرۈمچى شەھرىدە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ھەربىي پاراتى بولغانىدى. خىتاي ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇپۇر - توپۇر، قالايمىقان ھالدا پاراتتىن ئۆتكەن بولدى. مىللىي ئارمىيە

جەڭچىلىرى بولسا ياخشى كىيىنگەن ۋە ياخشى ئۆگىتىلگەن بولغانلىقتىن ناھايىتى ھەيۋەتلىك تۈردە تەكشى قەدەملەر بىلەن مېڭىپ پاراتتىن ئۆتتى. مۇنبەردە پاراتنى قوبۇل قىلىۋاتقان رەھبەرلەرنىڭ ئىچىدە خىتاينىڭ شۇ چاغدىكى مۇداپىئە مىنىستىرى مارشال پېڭ دې خۇۋەيمۇ بار ئىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەيۋەتلىك پاراتىنى كۆرۈپ پېڭ دې خۇۋەي سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

"مانا بۇنى ھەقىقىي ئارمىيە دېسە بولىدۇ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ (خىتاينىڭ) مۇنچىلىك بولۇشى ئۈچۈن يەنە 50 يىل كېرەك" دەپ خىتاب قىلغانىدى.

## 6 ـ «11 ماددىلىق بىتىم»نىڭ ئىمزالىنىشى

1945 - يىلى سېنتەبىردە مىللىي ئارمىيە قوراللىق كۈچلىرى ماناس ۋە ساۋەننى ئىشغال قىلىپ، ئۈرۈمچىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ۋاقىتتا خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ قورال كۈچى بىلەن خەلقنى بېسىقتۇرۇش چارىلىرىنىڭ ئۈنۈم بەرمەي، مەغلۇب بولىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پۈتۈنلەي بىت ـ چىت بولۇپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن «شىنجاڭ مەسىلىسىنى» تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدە تەكلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا تىنچلىق، دېموكراتىك شارائىت يارىتىش ئۈچۈن



كۆرۈشۈشنى قۇۋۋەتلەپ، تىنچلىق سۆھبىتىنى ئۆتكۈزۈشنى ياقلىدى.

تىنچلىق مۇزاكىرىسى ئۆتكۈزۈشكە رەخىمجان سابىرھاجى باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ۋەكىللىررى ئۈرۈمچىگە باردى. لېكىن دەسلەپكى مۇزاكىرىلەردىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى. ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈرۈمچىگە ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىدىن بەلگىلىگەن ۋەكىللىرى كېلىپ، گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق مۇزاكىرىسىنى باشلىدى. سۆھبەت ئۈستىدە كەسكىن كۈرەش ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە «ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، بىرلىك» مەسىلىلەردىن ئىبارەت بولدى. گومىنداڭ ۋەكىلى جاڭ جى جوڭ ئاۋۋال «تىنچلىق ۋە بىرلىك» ئاندىن «ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە» دېگەن نەرسىدە قاتتىق تۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ پىلانى ئالدى بىلەن ئۇرۇشنى توختىتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇش، شەرقىي تۈركىستان ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇشۇ شەرت ئاساسىدا ئەركىنلىك، دېموكراتىيە دېگەن نەرسە ئۈستىدە سۆز باشلاش ئىدى.

ئۆتكۈر سىياسەتچى ئە. قاسىمى سۆھبەت جەريانىدا گومىنداڭنىڭ مۇشۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن قىلىۋاتقان سۇيىقەستلىكىنى پاش قىلدى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئىشلارنى قىلدى.

شۇنداق قىلىپ 1946 - يىلى 2 - يانۋار كۈنى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم»غا ئىمزا قويدى. بۇ كېلىشىم بويىچە:

1 - ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىنى قايتا سايلاپ، يەرلىك مىللەتلەر ۋەكىللىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش، شۇنىڭدەك يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنى خەلق تەرىپىدىن سايلاش؛

2 - ھۆكۈمەت دىنى كەمسىتىشنى بىكار قىلىش ھەمدە خەلققە تولۇق دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بېرىش؛

3 - دۆلەتنىڭ مەمۇرى ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت ئالاقىلىرىدا خىتاي يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ؛

4 - باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا دەرس ئۆتىلىدۇ. ئالىي ئوقۇش جايلىرىدا ئوقۇتۇش زۆرۈرىيىتىگە قاراپ دەرس ئۆتۈشتە خىتايچە بىلەن ئۇيغۇرچە تەڭ قوللىنىلىدۇ؛

5 - ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇشنى بەلگىلەيدۇ؛

6 - ھۆكۈمەت مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى بەلگىلەيدۇ؛

7 - ھۆكۈمەت باج نىسبىتىنى خەلقنىڭ ئەمەلي ئىشلەپ چىقىرىش كۈچى ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ؛



8 - ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى - تاشقى سودا ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ؛

9 - بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىگە ئۇيغۇرلاردىن 15 كىشى ۋە باشقا مىللەتلەردىن 10 كىشى كىرىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن؛

10 - مىللىي ئارمىيە قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇسۇلمانلاردىن تولۇقلاش پرىنسىپ قىلىنىشى شەرت. بۇ ئارمىيە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئارمىيە تەرىپىدىن دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى ۋە تۇرار جايى ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىپ قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسى قىلىنىپ ئىمزالانغاندىن كېيىن، كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئارمىيىنىڭ مەشىق ۋە بۇيرۇقلىرىدا ئۇيغۇر، قازاق تىل - يېزىقلىرىنى قوللىنىش پرىنسىپ قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئوفېتسىرلار بۇرۇنقى مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇلى بىلەن مۇددەت بويىچە ئوفېتسېرلار مەكتىپىگە ئەۋەتىلىپ، ئوفىتسېرلىك بىلىمىنى تولۇقلايدۇ. ئۆلكىدە تۇرۇشلۇق مەركەز ئارمىيىسى بۇ ئارمىيە بىلەن بىر يەردە تۇرمايدۇ ھەمدە ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلايدۇ. بىر - بىرى بىلەن ئۆچەكىشىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ؛

11 - ۋەقە يۈز بەرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىككى تەرەپ قولغا ئالغان زاتلار ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى 10 كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن

ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن كەمسىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

تىنچلىق كېلىشىمى بويىچە 1946 - يىلى 18 - ئىيۇن كۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلى رەھبەرلىكى ئۆزگەرتىلىپ، بىرلەشكەن ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. رەئىس جاڭ جى جۇڭ بولدى ۋە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئە. قاسىمى ۋە بۇرھان شەھىدىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كاتىبىنىڭ مۇئاۋىنى بولدى.

رەخىمجان سابىرھاجى ـ ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ـ قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، سەيپىدىن ئەزىزى - مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، دەلىلخان - سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئەلىخان تۆرە - ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى، ئوسمان باتۇر - ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم - ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى، ئىسھاقبېك - ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ئەيسا ئەپەندى - ھۆكۈمەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغاندى.

شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋەكىللەر بىلەن خىتاي تەرەپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغاندىن كېيىن ھەرەمباغ، جىڭ،



شىخو، ئالتاي، چۆچەكلەردە ئەسىرگە چۈشكەن بىر قانچە مىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شۇنىڭ ئىچىدە گېنېراللار، پولكوۋنىكلار، ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئوفىتسېرلار خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇلدى. ئەمما مىللىي ئارمىيىدىن خىتايلارغا ئەسىرگە چۈشكىنى يوق ئىدى. بۇ ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلگەن خىتاي ئەسىرلەرى ئورنىغا ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە قىينىلىپ، ئازاب چېكىپ ياتقان 200 دىن ئارتۇق ھەرمىللەت مەھبۇسلىرى ئازاد قىلىنىپ قايتۇرۇپ ئېلىندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ ۋە ئۇرۇش توختىغان ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئىچكى خىتايدىن ئەسكەر كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھەربىي ئەسىرلەرنى ئىغۋاگەرلىك بىلەن ئۇيۇشتۇرۇپ، يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدىكى تەرەققىپەرۋەر زىيالىيلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قاماققا ئېلىپ تۈرمىلارغا تاشلىدى.

1947 - يىلى ئەتىيازدا خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاد رايونلىرىغا ھۇجۇم باشلاپ «11 ماددىلىق بىتىم»نى يىرتىپ تاشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى تەكلىپى بويىچە گومىنداڭنىڭ تىنچلىق كېلىشىمنى بۇزۇش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى بىلەن قەتئى كۈرەش ئېلىپ باردى. خىتاي ئەكسىيەتچىلىرى يەتتە ۋىلايەتتە سايلام يۈرگۈزۈش ۋاقتىدا خەلققە قارشى ئۇرۇش، قاماش، ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ داۋاملىق خەلققە قارشى سىياسەت

يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئە. قاسىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتكە، بولۇپمۇ يەتتە ۋىلايەتتىكى كۆپچىلىك خەلقنىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، تىنچلىق ۋە بىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يۆنىلىشىگە رەھبەرلىك قىلىپ چوڭ ئۇتۇقلار قازاندى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلارغا قارشى «ئىتتىپاق» مىللىي بىرلىكسېپىنى شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە توغرىدىن ـ توغرا قوراللىق كۈرەشتىن تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر سىياسىي ـ ئىدىيىۋى كۈرەشكە ئۆتتى.

## 7 ـ 1944 ـ 1949 ـ يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇب بولۇشى ۋە شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ يوقىتىلىشىنىڭ ئاساسى سەۋەبلىرى

1944 ـ 1949 ـ يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب دەسلەپتە غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، بىراق ئاخىرىدا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقاندى. بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلىرى ھەم بار. بۇ توغرۇلۇق ھازىرغىچە ھەر تۈرلۈك كۆزقاراشلار ھەم مەۋجۇت. بىز بۇ توغرۇلۇق ئامېرىكا جورجىيا پەن ئىنستىتۇتى سىياسەت ئىلمىنىڭ پروفېسسورى جون. ۋ.



گارۋېرنىڭ «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ناملىق كىتابىدا يېزىلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتەيلى:

پۈتۈن دۇنياغا مەلۇمكى، 1945 ـ يىلى 4 ـ فېۋرالدىن 11 ـ فېۋرالغىچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى يالتىدا نېمىس فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئۈچ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى (ستالىن، روزۋېلت، چېرچىل) «يالتا كېلىشىم»نى ئىمزالىغانىدى. بۇ كېلىشىمنىڭ خىتايغا مۇناسىۋەتلىك قىسمىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلىدۇ: «يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خىتاينىڭ بىر پۈتۈن ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دېموكراتىك دۆلەت بولۇپ قېلىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.»

1945 ـ يىلى 28 ـ ماي كۈنى ئامېرىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خېرلى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترۇمېننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە جاڭكەيشىگە بىرنەچچە ھۆججەتنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. (بۇ ھۆججەتلەر ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى خوپكىنس موسكۋادا ستالىن بىلەن ئۇچراشقان چاغدا ستالىن ئۆز ئۇستىگە ئالغان كاپالەتنامە ئىدى) بۇ ھۆججەتتە ستالىن خىتاينىڭ جاڭ كەيشى رەھبەرلىكىدە بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇشىنى بار كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ھۆججەتتە ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «سوۋېت ھۆكۈمىتى جاڭ كەيشى جانابلىرى ئېلان قىلغان خىتاينىڭ شىنجاڭغا ۋە

مانجۇرىيىگە ئىگىلىك ھوقۇقى بارلىقى توغرىسىدىكى باياناتىغا قوشۇلىدۇ.»

دېمەك مۇشۇ كېلىشىم ئاساسىدا 1945 - يىلى 13 - ئاۋغۇست كۈنى «سوۋېت - خىتاي دوستلۇق، ئىتتىپاتلىق شەرتنامىسى» موسكۋا شەھىرىدە ئىمزالاندى. شەرتنامىدا مۇنداق دېيىلگەن: «خىتاي ھۆكۈمىتى تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ دۆلەت مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى بولسا، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەرنى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى دەپ تونىيدۇ ۋە ئارىلاشمايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. خىتاي تاشقى مۇڭغۇلدىن ئىبارەت ھالقىلىق مەسىلىدە يول قويغان بولسىمۇ، ستالىن يەنە باشقا بەزى زور مەسىلىلەردىمۇ خىتايغا ۋەدە بېرىشنى ئۇيلايتتى. خىتاي ۋەكىلى سۇڭ زىۋېن ستالىندىن ''سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى ئىسيانىنى باستۇرۇشقا قانداق ياردەم قىلىدۇ'' دەپ سورىغاندا ستالىن تەكلىپ بېرىپ ''سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا كىرگۈزسەك بولىدۇ'' دەپ جاۋاب بەرگەن. («رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار» ئۇيغۇرچە نەشرى 534 - 535 - بەتلەر) بىزگە ئېنىق بولدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى نەتىجىسىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ستالىن باشلىق سوۋېت ۋە خىتاي ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن يوق قىلىندى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا: شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە خىتاي ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىچە



بولغان. سوۋېت ۋە خىتاي ئىمپېرىيالىستلىرى ئۆزئارا كېلىشىپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى تىزگىنلەپ تۇرۇپ، «11 ماددىلىق بىتىم»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە تاڭدى. بۇ «بىتىم» گومىنداڭچى خىتايلار ئۈچۈن بەك قۇلايلىق بولۇپ، ۋاقىتنى ئۇتۇش، ئىچكىرى خىتايدىن كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكەش، ئۇرۇمچىگە مىللىي ئارمىيىنى ھەر قانداق ئۇسۇللار بىلەن كىرگۈزمەسلىك، پايدىلىق مەلۇم شارائىت تۇغۇلغاندا مىللىي ئىنقىلابنى قانغا بوياپ بېسىش بولدى.

ماۋ زېدۇڭ باشلىق خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنى «خىتاي ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ ھېسابلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مۇستەقىل مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى ھەم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشىگە قارشى تۇردى. موسكۋا - بېيجىڭ بىرلەشكەن ھالدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلىرىنى جىسمانىي جەھەتتە يوق قىلىپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دېموكراتىك دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئەزىز شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى كوممۇنىستىك خىتايغا قوشتى. شۇنداق قىلىپ بۈيۈك چوڭ ئىمپېرىيە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشىغا يول قويمىدى.

مەركىزى ئاسىيادىكى ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋە ئۇنىڭ قانۇنلۇق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تۇتقان سىياسىتى رۇس پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتىگە ئوخشاش دېگىدەك بولدى.

مەلۇمكى 1871 - يىلى رۇس پادىشاھ ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھىرىگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، مۇستەقىل ئىلى ئۇيغۇر سۇلتانلىقىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىپ، خەلقئارالىق ژاندارما رولىنى ئوينىغان. 10 يىلدىن كېيىن (1881 - يىلى) بۇ يەرنى تاجاۋۇزچى رۇس پادىشاھ ھۆكۈمىتى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قايتۇرۇپ بېرىۋەتكەندى.

1944 - يىلى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ گومىنداڭچى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوزغىلىشقا دەۋەت قىلدى ۋە ھەر تەرەپلىمە ياردەم بەردى. ئەمما سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ يەردە مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى خالىمىدى. 1949 - يىلى مۇستەقىل قانۇنلۇق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بېسىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى.

944 - 1949 - يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم شارائىتنىڭ تۇغۇلۇشى كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى. ئىنقىلابنىڭ ساۋاقلىرى بىكارغا كەتمىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مۇستەقىللىق ئۈچۈن



كۆرەشكە دەۋەت قىلىپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. بۇ كۆرەش ھەرگىز توختىمايدۇ!

## شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي كوممۇنىست قىزىل تېررورىغا قارشى كۈرەشلىرى

شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا ھېچقاچان باش ئەگكىنى يوق. خەلقىمىز خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمدارلىقىغا قارشى نەچچە يۈزلەرچە قېتىم قوزغالدى. 1949 - يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەندىن تا بۈگۈنكى كۈنگىچە 54 يىل جەريانىدا 300 قېتىمدىن ئارتۇق قوراللىق ۋە سىياسىي كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتتى. مەسىلەن،. 1950 - يىلى 30 - يانۋار كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاراتۈرك ناھىيىسىدە ناسىر ۋە ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر پارتىزانلىرى خىتاي ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ بىر كۈنلۈك جەڭدە نۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى. كېيىنرەك بۇ كۈرەشكە ئالتايدىكى ئوسمان باتۇر قىسىملىرى كېلىپ قوشۇلۇپ، بۇ جەڭگە ئوسمان باتۇر باش قوماندانلىق قىلدى. 15 مىڭدىن ئارتۇق پارتىزانلار باسقۇنچىلارنىڭ كۆپ ئەسكەرلىرىنى يوق قىلدى. خىتايلارغا چوڭ تەھدىت سالدى. بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن قوزغىلاڭچىلار قەھرىمانلارچە شەھىد بولدى. 1951 - يىلى 2 - ماي كۈنى ئوسمان باتۇر ئۇرۇمچى شەھرىدە خىتايلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1950 - يىلى يانۋاردا ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي تېغىدا ئۇيۇشقان 2000 دىن ئارتۇق قوراللىق ئاتلىق پارتىزانلار



سىدىق زالىك، ئورازباي، ۋەلى رەھبەرلىكىدە قۇمۇلدىكى جەڭگە ماسلىشىپ خىتاي ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ زەربە بەردى. ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش سىياسىي پروگراممىسىنى ئېلان قىلىپ، خىتايلارنىڭ ئالدامچىلىق سىياسىتىگە باش ئەگمىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە قاتتىق تەھدىت سالدى. پىدائىلار بۇ ئۇرۇشنى 1950 - يىلى دېكابىرغىچە داۋام قىلغان بولسىمۇ، كۆپ قۇربانلار بېرىپ، چېكىنىپ مەلۇم قىسمى چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىپ ۋەتەن داۋاسىنى داۋاملاشتۇردى.

1951 - يىلى غۇلجا شەھرىگە توپلانغان 51 نەپەر زىيالىيلار «51 چىلەر» قۇرۇلتاي ئېچىپ خىتاي مۇستەملىكچىلىرىدىن دېموكراتىك ئۇسۇلدا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى. خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىگە بايانات تاپشۇردى. ئۇلار پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيالىيلارغا ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، خىتايلارنىڭ ئالدامچىلىقىنى پاش قىلدى ۋە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قوراللىق كۈرەشكە ھازىرلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. خىتاي دائىرىلىرى بۇ تەلەپكە قارىتا ئالدامچىلىق ۋە قانلىق قىرغىنچىلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، نۇرغۇنلىغان زىيالىيلارنى تۈرمىلەرگە قاماپ ۋە سۈرگۈن قىلىپ يوق قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى 1951 - يىلدىن باشلاپ خىتايلارنىڭ ئالدامچىلىق ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ياخشى چۈشىنىشكە باشلىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر

بىلەن تارقىتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خەلق غەزەپلىنىپ خىتايغا قارشى قوزغىلىشقا باشلىدى. مىللىي ئارمىيىدىن قايتىپ بارغان جەڭچى - ئوفىتسېرلار ھەرىكەتكە كېلىپ قوزغىلىشقا باشلىدى. ئىلىدا مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدىن ياقۇپ راخمانوۋ، مالىگاجدار، ئىدرىسلار قوراللىق قوزغالدى. بۇ ھەرىكەت جاللات ۋاڭ جېننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىدى.

1951 - يىلى 12 - نويابىر كۈنى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئابدۇل ئەزىز داموللام (چىڭغىزخان)، قۇربان قوداي، سېيىت ئەخمەت خوجا، ئابدۇللا سەمەدى، ھامۇت ھاجى، نۇربەك، پاشابەك، جانىمقان قاتارلىق 350 تىن ئارتۇق ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. 2000 دىن ئارتۇق كىشى قاماققا ئېلىنىپ تۈرمىلەردە ئازابلاندى. غۇلجىدا پولكوۋنىك ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجىيېۋ، پولكوۋنىك قۇربانجان، ئىلىدىرىم مەسئۇت، ياقۇب راخمانوۋ، سۈيدۈڭدە ئىدرىس، سېيىت ھاجى، قازىباي، بەكرى غازى، ھوشۇرمەت، شىخودىن نەسىردىن ھاكىم قاتارلىقلار بولۇپ 20 مىڭدىن ئارتۇق ۋەتەنپەرۋەرلەر، زىيالىيلار، دىنىي زاتلار ۋە جەڭچى ئوفىتسېرلار ئۆلتۈرۈلدى. نەچچە ئون مىڭلىغان بىگۇناھ كىشىلەر قاماققا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە، جازا لاگېرلىرىغا تاشلاندى. غۇلجا شەھىرىدىكى ئىستراھەت بېغىدا خىتاي باسقۇنچىلىرى نەچچە مىڭلىغان خەلقنى مەجبۇرى يىغىپ «پانتۈركىستلار ئۈستىدە ئوچۇق سوت» قىلىش كومپانىيەسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ راخمانوۋ ياقۇپ ۋە



ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى سوتلىدى. راخمانوۋ خىتايلارنىڭ قاتتىق نازارىتىغا قارىماي خەلققە قارىتىپ ئۆلۈم ئالدىدا:«ھەي مېنىڭ مەزلۇم خەلقىم مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن سىلەر بىلىپ قويۇڭلاركى! بۇ خىتاي باسقۇنچىلىرى ھەر تۈرلۈك ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ بىزنىڭ ئەزىز ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالدى. بۇلارنىڭ مەقسىتى مىللىتىمىزنى خىتايلاشتۇرۇپ قۇل قىلماقچى. سىلەر ھەرگىز بۇ باسقۇنچىلارغا باش ئەگمەڭلار!» دېگەنىدى.

1952 - يىلدىن باشلاپ جاللات ۋاڭ جېن «يەر ئىسلاھاتى»، «زومىگەرلەرنى بېسىقتۇرۇش» نىقابى بىلەن ناھىيە - يېزىلاردا قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ باردى. خەلق ئىچىدە ئابرۇيى بار يۇرت مۆتىۋەرلىرى، زىيالىيلار ۋە مىللىي ئارمىيىدىن قايتقان جەڭچى ئوفىتسېرلار تۈرلۈك باھانە ۋە تۆھمەتلەر بىلەن خەلق ئالدىدا ئاشكارا ئېتىپ تاشلاندى. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ سانى 200000 دىن ئېشىپ كەتتى. چىڭگىز داموللام، ئەسەدۇللا داموللام قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەرلەر ئۆلتۈرۈلدى.

1955 - يىلى خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ ئارتۇش، ئۈلۈغچات شۆبىلىرى مەركىزىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ سابىق زەمبىرەكچىسى پولك كوماندىرى جانايېۋ بىلەن ئۆمەرۋۇلار يوشۇرۇن ھالدا 300 دىن ئارتۇق قوراللىق ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، ئاۋغۇست ئېيىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۈلۈغچات

تەۋەسىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنى ئازاد قىلدى. ئۇيغۇر ۋە قىرغىز ياشلىرى بىرلىشىپ تەشكىل قىلغان بۇ پارتىزانلىق ھەرىكەت قىزىلغا ھۇجۇم قىلىشتا خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىپ مەغلۇب بولدى. كۆپ جەڭچىلەر ئۆلتۈرۈلدى ۋە تۈرمىلەرگە تاشلاندى. جانابېۋ تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۆمەروۋ 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

1956 - يىلى مارتتا باقى داموللا بىلەن سەمەت داموللا يېتەكچىلىكىدە خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە قاراقاش خەلقى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىلار تارىم ۋادىسىدىكى خىتايلارغا ھۇجۇم قىلىپ چوڭ زەربە بەردى. ھەل قىلغۇچ جەڭدە قەھرىمان قوزغىلاڭچىلار دۈشمەننىڭ قىسىملىرىنى ئاساسەن قىرىپ تاشلىدى. ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قورشاۋدا قالغان ئىنقىلابچىلار جان تىكىپ جەڭ قىلىپ 200 دىن كۆپرەكى شەھىد بولدى. 1956 - يىلى مايدا لوپ ناھىيىسىدە ئىككى مىڭغا يېقىن قوزغىلاڭچىلار ئابدۇقادىر باشچىلىقىدا قوراللىق قوزغالدى.

ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇب بولۇۋاتقان قوزغىلاڭچىلارغا ئەمەلىي ھەربىي ياردەم بېرىش ئۈچۈن 1957 - يىلى ئۈرۈمچىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى بولغان ئۇلانبايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مىللىي ئارمىيە ئاتلىق پولكى قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا خائىننىڭ ساتقىنلىقى بىلەن پاش



بولۇپ قالدى. بۇ ئاتلىق پولك ئاساسەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان ۋە مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ئۈرۈمچىگە يېقىن ماناسقىچە يۈرۈش قىلغان قوشۇندى. بۇ ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىن جەڭچى - ئوفىتسېرلار تۇتقۇن قىلىندى. شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسىنىڭ قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلغان رەھبەرلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئەزالىرى تۈرمىلارغا تاشلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

1958 - يىلى ئۆكتەبىردە قۇمۇلنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدا تۆمۈر خەلپە، خوجا نىياز ھاجىلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان يەتتە مىڭدىن ئارتۇق كىشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭغا ئەلى قۇربان بىلەن سېيىت باتۇرلار يېتەكچىلىك قىلدى. قوزغىلاڭچىلار ناھىيىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى ئازاد قىلدى. ئالاقزادە بولغان خىتايلار بارىكۆلگە چېكىندى. بىر يىلغا قەدەر داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشتا خىتايلار بەك قورقۇپ كەتتى. 1962 - يىلى غۇلجا ۋە چۆچەك شەھەرلىرىدە خەلق خىتاي زۇلۇمىغا قارشى نارازىلىق نامايىشلار ئۇيۇشتۇردى.

29 - ماي كۈنى نامايىشچىلار ئىلى ئوبكوم بىناسى ئالدىغا كەلگەندە خىتاي ئەسكەرلىرى قورالسىز بىگۇناھ نامايىشچىلارنى قاتتىق ئوققا تۇتۇپ قىرغىن قىلدى. نەچچە يۈزلىگەن نامايىشچىلار شۇ مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى ۋە تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ، دەھشەتلىك تۈردە قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ جازالاندى. ئون مىڭلىغان كىشىلەر ئەزىز ۋەتىنىنى

تاشلاپ، سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. غۇلجا خەلقى بۇ «قانلىق 29 ـ ماي» قىرغىنچىلىق كۈنىنى ھېچقاچان ئۇنۇتمايدۇ. خىتاي كوممۇنىست باسقۇنچىلىرىغا لەنەتلەر ئوقۇيدۇ.

يەنە 1962 ـ يىلى خوتەن تەۋەسىدە «شەرقىي تۈركىستان ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى ئېلان قىلدى. قاراقاش ناھىيىسىدە «شەرقىي تۈركىستان پارتىزانلىرى» تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ تۇرسۇن ھاپىزنىڭ رەھبەرلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈلدى. بىراق خىتايغا خىزمەت قىلغان ساتقۇنلارنىڭ جىنايى قىلمىشىدىن بۇ ھەرىكەت ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، نۇرغۇن ياشلار تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ قىيىن ـ قىستاققا ئېلىندى.

1969 ـ يىلى «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» خىتاي دائىرلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتى ۋە باستۇرۇشىغا قارىماي ئومۇمىيۈزلۈك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇ پارتىيە ئۆزىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى، جەڭگىۋارلىقى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا جەھەتتىن ئېلىغار، مۇكەممەل پارتىيە ئىدى. پارتىيىنىڭ مەركىزى ئورگىنى چەتئەلدىن قورال ياردەم ئېلىش ئۈچۈن تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى (ئالاقچى) ئايتان، ئابىتلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئالاقىلىشىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھالدا ئەۋەتكەندى. بىرنەچچە قېتىملىق ئالاقە باغلاش يۈزىسىدىن سوۋېتنىڭ ئەمەلىي ھەربىي ياردەم



كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن پارتىيە مەركىزى كومىتېت بيۇروسى 1969 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇن كۈنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى بەلگىلىدى. غۇلجا، چۆچەك، بۆرتالا، ئالتاي، قاراماي قاتارلىق شىمالىي شەھەرلەردە پارتىلىتىش ئېلىپ بېرىپ، خىتايلارنىڭ دىققىتىنى شۇ تەرەپكە جەلپ قىلىش، شۇنىڭدەك چېگرا رايونلاردا قوراللىق مۇداخىلە ئۇيۇشتۇرۇپ خىتايلارنى ئالاقزادە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك قوراللىق قوزغىلاڭنى قەشقەردە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئاخىرى قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ، ئۇنى دۇنياغا ئېلان قىلىپ، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستانلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن چەتئەللەردىن قورال سېتىۋېلىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئەزىز شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى خىتاي كوممۇنىست مۇستەملىكىسىدىن مەڭگۈ ئازاد قىلىش پىلانلانغان ئىدى.

شۇنىسى ئېچىنارلىقكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى دائىم خىتايلارغا سېتىپ كەلگەن سوۋېت رەھبەرلىرى بۇ نۆۋەتتە ھەم خائىنلىق قىلدى. قوزغىلاڭغا ئۈچ كۈن قالغاندا بۇ «جانابلار» بولغۇسى قوزغىلاڭ ھەققىدىكى ئۇچۇرنى بېيجىڭغا يوللاپ خىتايلارنى خۇشال قىلدى. بۇ ئۇچۇر خەۋەردار بولغان بېيجىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇق ھەربىي ۋە ساقچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە شەھەر، ناھىيە، يېزىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قاماققا ئېلىشنى باشلىدى. ئالدى بىلەن زىيالىيلار، ئوقۇغۇچى ـ ياشلار،

ۋەتەنپەرۋەر خىزمەتچىلەر قاماققا ئېلىندى. خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن قوزغىلاڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ مەركىزى كومىتېت رەھبەرلىرى تۇتقۇن قىلىندى. ئىمىنوۋ باشچىلىقىدىكى 32 مىڭ كىشى قاماققا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى. پۈتۈن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ مۇئەللىم ۋە ئوقۇغۇچىلىرى توپ - توپى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ لاگېرلارغا تاشلاندى. قەشقەر لىنىيىسىدىكى ئاخۇنوۋ، مجىت قاتارلىقلار مۇددەتتىن بۇرۇن قوزغىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، خىتاينىڭ كۈچلۈك ئارمىيىسى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. دۈشمەننىڭ كۆپ ئەسكىرىنى قىرىپ تاشلىدى. ئاخۇنوۋ، مجىت، خەيرۇللاھ، ئوسمانجان، مەمتىمىن، خەيرىنسا قاتارلىق قەھرىمان يېتەكچىلەر بىر تامچە قېنى قالغىچە دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ قۇربان بولدى. ئەخمەتجان مۇنىرى، مجىت ساقى، روزى ھېكىم، مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىق يېتەكچىلەر قەشقەردە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. 1970 - يىلى 29 - ماي كۈنى (غۇلجا، چۆچەك قىرغىنچىلىقى كۈنىگە توغرىلاپ) ئۈرۈمچىدە ئوچۇق سوت ھۆكۈمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ نامى بىلەن توختى قۇربان، نىياز ئۆمەر، ئابدۇرېھىم باقى، ھوشۇر قارى، ياش قەھرىمان دولقۇن ئىبراھىم قاتارلىق 30 نەپەر مۇجاھىت ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئىنقىلاب رەھبىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوف دوختۇرخانىدا مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى.



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوف 1915 - يىلى ئاتۇش شەھىرىدە تۇغۇلغان. يەركەنت، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە بىلىم ئالغان ۋە سۇ ئىنجېنېرى بولۇپ ساۋەن قاتارلىق جايلاردا خىزمەت قىلغان. 1945 - يىلىنىڭ باشلىرىدا پىدائى بولۇپ، مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ پولكوۋنىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. 1950 - يىللاردا ئاپتونوم رايوندا نازىر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1960 - يىللارنىڭ 2 - يېرىمىدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە مەخپىي ھەرىكەت باشلىغان. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىگە رەھبەرلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن 1967 - يىلى قاماققا ئېلىنىپ 1970 - يىلى 17 - مايدا ئۈرۈمچىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن. ئىمىنوف خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىدە ئاساسلىق رەھبەرلىك رول ئوينىغان مىللىي رەھبىرىمىز ۋە قەھرىمانىمىزدۇر. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا ئۆز جېنىنى ئايىماي كۈرەش قىلغانلىقى ئەۋلادلارغا ئەبەدىي ئۆلگە بولۇپ قالغۇسى.

پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا قانلىق تېررور ئالتە ئاي داۋام قىلدى. نۇرغۇن باتۇر ۋەتەنپەرۋەرلەر تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. نۇرغۇنلىغان گۇناسىز ئادەملەر جازا مەيدانلىرىدا ئازابلاندى.

غۇلجا شەھىرىدە بىر كۈن ئىچىدە ئابابەكرى زاھىر، ئابدۇجاپپار، سابىر، ئىسمايىل، ئابدۇغېنى، خوجاخمەت،

دۆلمەمەت قادىر، ئاسىلقان، مۇقان، ھەنىپە، يۇسۇپ مۇسا قاتارلىق قەھرىمانلار سوراقسىز، سوت قىلىنماي خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلاندى. توققۇز تارادا رەجەپ، ئابدۇكېرىم، نىلقىدا ئەخمەتجان ئۆمەر، تېكەستە ھاكى مەمەت، مۇڭغۇلكۈرەدە قايدار قاتارلىقلار خىتاي قولىدا قۇربان بولدى.

پۈتۈن خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنى تىترىتىۋەتكەن بۇ ئىنقىلاب مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقلىق كۈچىنى، ئازادلىق غايىسىنى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا ھېچقاچان باش ئەگمەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتتى.

1970 - يىلدىكى خىتايلارنىڭ تېررورلۇق ھەرىكىتىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ناھايىتى تەشكىللىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېڭى كۈرەش باسقۇچىغا ئۆتتى. 1980 - يىللىرى خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى ۋە مۇستەقىللىق تەشكىلاتلىرى قەتئىي يوشۇرۇن ھالەتتە ھەرىكەت ئېلىپ باردى. مىللىي ئازادلىق كۈرەش كەڭ دائىرىلىك قانات يېيىشقا باشلىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى يېڭىدىن مىللىي ئويغىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

1981 - يىلى 12 - يانۋار كۈنى قاغىلىقتىكى ياشلار قوزغىلىڭى، شۇ يىلى 27 - ماي كۈنىدىكى پەيزاۋات قوزغىلىڭى، 1983 - يىلى قەشقەردىكى «ياش ئۈچقۇنلار» تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتى، 1985 - يىلى 12 - دېكابىردا ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىشى، 1988 - يىلى



ئىيۇن ئېيىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مىللىي غورۇر نامايىشى، 1989 - يىلى 18 - مايدا ئۈرۈمچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نامايىشى، بۇ ئومۇميۈزلۈك مىللىي ئويغىنىش ۋە مىللىي ئازادلىق كۈرشىنىڭ كۈن ساناپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئەمما 1990 - يىللارغا كەلگەندە خىتاي دائىرىلىرى خەلققە قارشى قانلىق تېررورنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى «بۆلگۈنچى گۇرۇھ» دەپ ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى باستۇرۇشلار ئۇيۇشتۇرۇلدى. چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم دەستىدىن تاقىتى قالمىغان خەلق ئۆز - ئۆزىدىن قىساس ئېلىش گۇرۇپپىلىرى ۋە ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ باسقۇنچىلاردىن ئۆچ ئېلىشقا ھەرىكەتلەندى. 1990 - يىلى 5 - ئاپرېل كۈنى قەشقەرنىڭ بارىن يېزىسىدىكى دېھقانلار زەيدىن يۇسۇپ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتەردى. 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان بۇ قوزغىلاڭچىلار ئالدى بىلەن ھۆكۈمەت ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى. خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن توت كېچە كۈندۈز جەڭ قىلدى. خىتاي مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى "بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوت كۈچىنى توسيالمىدى" دەپ ئېتىراپ قىلىپ خەۋەر تارقاتتى. بارىندىكى بۇ قوزغىلاڭ بېيجىڭدىكى خىتاي رەھبەرلەرنى بەك چۆچۈتىۋەتتى. تانكا، ئايروپىلان، زەمبىرەك ۋە زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان نەچچە يۈزمىڭ خىتاي ئەسكەرلىرى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلدى. 6 -

ئاپرېل كۈنى بېيجىڭدا پەۋقۇلئاددە قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا جاڭ زېمىن، لى پېڭ، ليۇ خۇاچىڭلار قوماندانلىق قىلدى. غالجىرلاشقان خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇيغۇر يېزىلىرىنى قورشاپ ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان گۇناسىز ئاياللار ۋە ياش بالىلارنىمۇ ئايىماي ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مۇخبىرلار بۆشۈكتىكى بىر بوۋاققا ئۈچ پاي، بۆشۈككە يەتتە پاي ئوق تەككەنلىكىنى ئوچۇق يازدى. ئىككى ئاي داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى. 200 گە يېقىن قوزغىلاڭچىلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. خىتاي ئەسكەرلىرى ئۈچ قوزغىلاڭ رەھبىرىنى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلىدى. نۇرغۇن قەھرىمان ياشلار دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ تۈرمىلەردە ئازابلاندى.

«خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇش سىياسىي پروگراممىسىنى ئېلان قىلىپ، جەڭگە كىرگەن بۇ قەھرىمان ئوغلانلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە چوڭ مەدەت بەردى.

بارىن قوزغىلىڭىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا گەۋدىلىك كۆرەشلەردىن بىرى دۇنياغا مەلۇم بولغان «غۇلجا ۋەقەسى» بولدى. 1997 - يىلى 5 - فېۋرال كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە گۇناسىز ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ، تۈرمىلەرگە تاشلىنىۋاتقانلىقىغا قارشى 900 دىن ئارتۇق ياشلار نامايىش قىلدى. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۇ تىنچ نامايىشچىلار



بىلەن تىنچلىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئورنىغا نامايىشچىلارغا ئوق ئېتىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈردى. بۇ ناھەق ئىشنى كۆرگەن قەھرىمان غۇلجا خەلقى نامايىشچىلارغا قوشۇلۇپ، خىتايلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغالدى. خىتايلار بېيجىڭنىڭ بىۋاستە بۇيرۇقى بىلەن دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرىنى قاتتىق سوغۇقتا سۇ چېچىپ توڭلىتىپ ۋە ئېتىپ ئۆلتۈردى. 4000 گە يېقىن ياشلارنى تۇتقۇن قىلىپ جازا لاگېرلىرىغا تاشلىدى. غۇلجا خەلقىنىڭ ئۆيلىرىنى ئاقتۇرۇپ بىرقانچە ئاي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزدى. «غۇلجا ۋەقەسى» بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ سانى 75 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. تا ھازىرغىچە ھەر ئايدا بىر (بەزى ۋاقىتلاردا بىر ئايدا ئىككى، ھەتتا ئۈچ) قېتىم «ئوچۇق سوت» ئېلان قىلىپ 10 - 15 كىشىدىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپا ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنماقتا. خىتايلارنىڭ بۇ فاشىستىك قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولدى. بۇ قانلىق ۋەقە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە يەنە بىر قېتىم تونۇتۇپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ غۇلجا «ۋەقە»سىنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇشىغا قارىماي، دۇنيادىكى نۇرغۇن تېلېۋىزىيە ۋە گېزىت - ژۇرناللار ئالاھىدە خەۋەرلەر تارقاتتى.

1997 - يىلىدىكى قانلىق باستۇرۇشلاردىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىدىيىۋى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە

بىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭدەك مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ياش ئەۋلادلارنى بىلىملىك ھەم ۋەتەنپەرۋەر روھتا بەربىيلەپ ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن پەيت كۈتۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ئاساسى مەقسەت قىلدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى: ھازىر خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بارلىق چارىلەرنى قىلىۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلارنى زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇشىنى چەكلەۋاتىدۇ، خىتاي تىلىنى بىلمەيدىغانلارنى ئىشتىن ۋە ئوقۇشتىن قوغلاۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ باي تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ساختىپەزلىك بىلەن بۇرمىلاۋاتىدۇ.

خىتاي ۋە ئۇنىڭ مالايلىرى ئۇيالماستىن “ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىك خەلق ئەمەس، ئۇلار مۇڭغۇلىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن” دېگەن ئويدۇرما ۋە خەتەرلىك «پەتىۋالار»نى توقۇپ چىقماقتا. بۇنىڭدىن مەقسەتلىك پايدىلانغان ياش تارىخچى ئوسمانوۋ 2003 - يىلى 20 - فېۋرال كۈنى ھۆكۈمەت تېلېۋىزىيەسى «ك ت ر» دا سۆز قىلىپ: «840 - يىلى بىز قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنى تار مار قىلىپ، ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستانغىچە قوغلاپ باردۇق. ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى غۇلىتىپ، ئۇنىڭ پايتەختى ئوردا بالىقنى بېسىپ ئالدۇق. شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىم ۋادىسىدا قىرغىزلار ياشىغان. 9 - 11 -



ئەسىرلەردە قاراخانىلار خانلىقىنى بىز قىرغىزلار قۇرغان» دېدى.

1988 - يىلى قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى (ھازىرقى بىشكېك) شەھىرىدە تۈركشۇناسلارنىڭ پۈتكۈل سايۇزلۇق 5 - ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا دۇنياغا مەشھۇر يازغۇچى چىڭگىز ئايتماتوۋ سۆزگە چىقىپ مۇنداق دېدى: «ھازىرقى ۋاقىتتا تۈركشۇناسلىقتىكى چوڭ كەمچىلىكنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئالىملىرى تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، يازما يادىكارلىقلارنى تەكشۈرگەندە يۈسۈپ بالاساغۇنى ۋە مەھمۇد قەشقەرىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەم ئۇلاردىن كېيىن يېزىلىپ قالغان يادىكارلىقلارنى ئاساسەن ئۆز خەلقىگە مەنسۇپ قىلىپ كۆرسەتكىسى كېلىدۇ. ئۇلار يۈسۈپ بالاساغۇنى ۋە مەھمۇد قەشقەرىنى ھەممە تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە مەنسۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ خەلقلەر ئۆز يازما ئەدەبىياتىنى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تەرەققىي ئەتتۈرۈپ كەلمەكتە دەپ تەكىتلىمەكچى بولۇشىدۇ. ئەمما مېنىڭ پىكرىمچە يۈسۈپ بالاساغۇنى ۋد مەھمۇد قەشقەرى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ، ئاندىن باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ يازما ئەدەبىياتىنى شۇلاردىن (ئۇيغۇرلاردىن) كېيىن باشلىغان دېسەك توغرا بولىدۇ. بۇ پىكىر ئورخۇن، يەنسەي يازما يادىكارلىقلىرىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئورخۇن، يەنسەيدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى مەكتەپ ئوقۇش قۇراللىرىغا كىرگۈزۈش

كېرەك. ئەمما ھازىر ھەممە ئالىملار ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەڭ قەدىمى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىدىن تۈركشۇناسلىقتا پرووىنتسىئالىزم (ئۆلكىۋازلىق)تىن كۆپ زىيان تارتىش بايقالماقتا».

ھازىر خىتايلار ئامالىنىڭ بارىچە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىنى بۇرمىلاپ ئۇنى يوق قىلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ ياكى بۇ تارىخنى ئۆزگىلەرنىڭ تارىخى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن ئالدىراپ «يېڭى تارىخ» يېزىشقا كىرىشمەكتە. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى «ئۇلۇغ مىللەت، ئۇلۇغ خەلق» قىلىپ سۇنئىيلەشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇ جانابلار شۇنى بىلىپ قويسۇنكى: دۇنيانىڭ سىياسى ۋە مەدەنى تارىخىدا چوڭ تەسىرلىك روللارنى ئوينىغان، ئىنسانىيەت دۇنياسىغا مەدەنىيەت تارقاتقان مۇقەددەس زېمىن ـ شەرقىي تۈركىستاننىڭ زېمىن ۋە تارىخى ئىگىسى ئۇيغۇر خەلقىدۇر! ھازىرقى ۋەزىيەتتىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ تارىخىغا ۋە مەدەنىيىتىگە قول سېلىپ، ئۇنى بۇرمىلاپ ساختىلاشتۇرۇۋاتقانلار كېلەچەكتە دۇنيا ئالدىدا شەرمەندە بولۇشى چوقۇم!

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەدەنىيىتىمىزنى، شانلىق تارىخىمىزنى مۇكەممەل ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنى قوغدىشىمىز كېرەك. شۇنىڭدەك ياش ئەۋلادلارنى بىلىملىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيىلەپ، جانباقار ۋەتەن خائىنلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشىمىز لازىم! بىر دانىشمەننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا



«مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش خەلقىمىزنى بىرلىككە دەۋەت قىلىدۇ. مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەر كىمدىن، ھەربىر ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. ياش ئەۋلادلارغا چوڭقۇر، ھەر تەرەپلىمە بىلىم بېرىشكە تىرىشقان ئاتا ـ ئانىلاردىن، مۇئەللىملەردىن، بىلىم ئېلىشقا تىرىشقان باللاردىن باشلىنىدۇ.»

«مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش خەلقىمىزنى بىرلىككە دەۋەت قىلغان ھەربىر شەخستىن باشلىنىدۇ. مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى كۈندىلىك دەپ ھېسابلىغان خەلق، مۇستەقىللىقتا ھامان يەتمەي قالمايدۇ.»

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھوقۇقى ۋە تېررورىزم

2001 - يىلى 11 - سېنتەبىر كۈنى ئامېرىكىدا بولغان پاجىئەدىن كېيىن نۇرغۇن مەتبۇئاتلاردا خەلقئارالىق تېررورىزم توغرۇلۇق كۆپلەپ ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇرلارغا قارشى ئەسەرلەر يېزىلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن 2001 - يىلى 1 - نويابىردا قىرغىزىستاننىڭ ھۆكۈمەت گېزىتى بولغان «سلوۋو قىرغىزىستانا» گېزىتىغا ئاتالمىش ئاپتور ئىماتوۋنىڭ «ئۇيغۇرلار مەسىلىسى بويىچە مەسىلە» ناملىق ماۋزۇدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى قارىلايدىغان يامان غەرەزلىك ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئىماتوۋنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى ھاقارەتلەپ يازغان بۇ ماقالىسىغا بېشكەك شەھىرىدىكى ئىنسان ھوقۇقىنى قوغداش «دېموكراتىيە» تەشكىلاتى ۋە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى بىلدۈردى. ئۇيغۇر خەلقى ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقى ئەمەس، باشقا يەردىن كۆچۈپ كەلگەن» دەيدىغان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇيرۇتما زاكازلىرى بويىچە ياساپ چىققان ئويدۇرما پەتىۋالىرىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ ۋە ئىماتوۋ ھەمدە ئۇنىڭ خوجايىنلىرىغا لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆز ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندا ياشاپ، دۇنيا



مەدەنىيىتىگە بىباھا تۆھپە قوشقان، بۈيۈك يىپەك يولىنى بەرپا قىلغان، ئۆزىگە خاس ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئۇلۇغ خەلق! ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا ئۇلۇغ ھۇن تەڭرىقۇتلۇق، (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 220 - يىلدىن مىلادىيە 216 - يىلغىچە) ئۇلۇغ كۆكتۈرك قاغانلىقى (مىلادىيە 551 - يىلدىن 745 - يىلغىچە)، ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى (مىلادىيە 640 - يىلدىن 845 - يىلغىچە)، ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (مىلادىيە 850 - يىلدىن 1212 - يىلغىچە)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (مىلادىيە 850 - يىلدىن 1335 - يىلغىچە)، سەئىدىيە خانلىقى (مىلادىيە 1504 - يىلدىن 1678 - يىلغىچە) قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغان ۋە گۈللەندۈرگەن.

رۇسىيە باسقۇنچىلىرى ئورتا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقى قۇرغان يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى (1863 - 1878)، ئىلى سۇلتانلىقى (1864 - 1871)، 1933 - يىلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» (1944 - 1949 - يىللار) قاتارلىق ئۇيغۇر دۆلەتلىرى چاررۇسىيە پادىشاھلىقى ھەمدە س س س ر نىڭ ياردىمى ئارقىلىق خىتاي باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن يوق قىلىندى. مېنىڭچە يۇقىرىقى پاكىتلار ئىماتوۋ ۋە ئۇنىڭ خوجايىنلىرى ئۈچۈن يېتەرلىك بولسا كېرەك. 1949 - يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى بولغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىنى يوق

قىلدى. شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىتايلارنى پىلانلىق كۆچۈرۈپ كېلىپ يەرلەشتۈرمەكتە. 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار ئومۇمى ئاھالىنىڭ 96% نى، خىتايلار 3% نى تەشكىل قىلاتتى. ھازىر خىتايلار 50% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلارنى يوقىتىپ، بۇ مىللەتنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى ئەبەدى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن، ھەرقانداق ئېپلاس جىنايى ۋاسىتىلارنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ. خىتايلار ئۆزلىرى ئويۇشتۇرغان تېررورلۇقلارنى ئۇيغۇر خەلقىگە ئارتىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىدۇ. 2001 - يىلى 23 - نويابىردا ئامېرىكىدىن بېرىلىدىغان «ئەركىن ئاسىيا» رادىئوسى تۆۋەندىكىلەرنى خەۋەر قىلدى: ”قەشقەر شەھەر ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش كىيىنىپ، ساقال قويغان ئىككى ئادەم بىر كۆۋرۈكنى پارتلاتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بۇنى كۆرگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ساقچى ئىدارىسىغا دەرھال مەلۇم قىلغان ۋە ساقچىلار بۇلارنى قاماققا ئالغاندا ئۇلارنىڭ ساقاللىرى يالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىتاي ئىكەنلىكى پاش بولغان. بۇ خىتايلار يۇقىرىنىڭ مەخپىي بۇيرۇقى بويىچە كۆۋرۈكنى پارتلىتىپ، بۇ جىنايەتنى ئۇيغۇرلارغا ئارتىپ قويماقچى بولۇپ تۇرغاندا قولغا چۈشكەن. ئاقىۋەتتە يۇقىرىنىڭ بىر تېلېفون قىلىشى بىلەن بۇ خىتايلار جىنايى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلۇپ كەتكەن.“ خىتاي جاسۇسلىرى مەركىزى ئاسىيا



ئەللىرىدە، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ، تۈرلۈك ئېغىۋاگەرلىك ئىشلىرىنى كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. قىرغىزستان ساقچى ۋە بىخەتەرلىك ئورگانلىرى خىتاي جاسۇسخانىلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارماقتا. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىي كۈرىشىنى «تېررورىزم» دەپ قارىلاپ، ئۇيغۇرلارغا تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى تاڭماقتا. ئۇلار بەزى مۇخبىرلارنى سېتىۋېلىپ، غەرەزلىك ھالدا زاكاز بىلەن ئۇيغۇر خەلقىگە قارشى ماقالىلەرنى يازدۇرماقتا.

گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇيغۇر خەلقىگە قارشى ماقالىلەر پات - پات ئېلان قىلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بەزى ھەقىقى ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئادەملەر، جۈملىدىن ساقچى خادىملىرى ئۇيغۇرلارغا بولغان مۇئامىلىدە قوپاللىق قىلىدىغان، ھەتتا ھاقارەتلەيدىغان ھادىسىلەر سادىر بولماقتا. مەسىلەن 2000 - يىلى 28 - دېكابىر كۈنى بىشكېكتىكى «ئىنسان» ناملىق كافېخانىدا شەھەرلىك ساقچى ئوفىتسېرلىرى ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى ھاقارەتلەپ قاتتىق ئۇرغان. ساقچىلار ئۇيغۇر ياشلىرىنى ھاقارەتلەپ «سەنلەر ئۇيغۇرلار تېررورىستلار، سەنلەر ۋاھابىستلەر، بىز سەنلەرگە ئەركىنلىك بەرمەيمىز، سىلەرگە تېخى كۆرسىتىمىز!» دەپ ۋارقىراشقان. دېمەك بۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك ئۇيغۇر خەلقىنى «تېررورىست» دەپ يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن يېزىلىۋاتقان ماقالىلەرنىڭ سەلبى ئاقىۋەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالمۇتادا چىقىدىغان «رېسپۇبلىكا 2000» گېزىتىدە سېرگېي دۇۋانوۋنىڭ «مىللىي مۇستەقىللىقتىن خەلقئارالىق تېررورىزمغىچە» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئاپتور ماقالىدا «ئادەم تېررورىست بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. تېررورلۇقنى ھاكىمىيەت دىكتاتۇرسى تۇغدۇرۇپ، دۆلەت پۈتۈنلۈكى دېگەن نام بىلەن چۈمپەردىلەيدۇ» دەپ توغرا كۆرسەتكەن.

خىتاي دائىرلىرىنىڭ «ئۇيغۇر تېررورىستلىرى» دېگەن ئويدۇرمىسى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز ئىنسانى ھوقۇقلىرىنى تىنچلىق يولى بىلەن قوغداش ئۈچۈن خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرىنى قارىلاش ۋە باستۇرۇش ئۈچۈن كېرەك بولۇۋاتىدۇ. خىتايلار 2001 - يىلى 11 - سېنتەبىردە ئامېرىكىدا بولغان پاجىئەدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا «تېررورىست» قىلىپ تونۇتماقچى بولغانىدى. ئەمما خىتاينىڭ بۇ ساختىپەزلىكى ئەمەلگە ئاشماي تار مار بولدى.

خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى 1949 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتىنى بېسىۋالغاندىن بۇيانقى 50 يىل داۋامىدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مىللەتلەر بولۇپ، بىر يېرىم مىليون خەلقنى قىرىپ يوق قىلغان. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان دۆلەت تېررورلۇق سىياسىتى 1996 - يىلى ئاتالمىش «شاڭخەي كېلىشىمى» تۈزۈلگەن ۋاقىتتىن باشلاندى. بۇ تېررورلۇق جەريانىدا 1996 - يىلى ئاپرېلدىن ئىيۇنغىچە شەرقىي تۈركىستاندا 18000 نەپەر



ئۇيغۇر تۇرمىگە تاشلاندى. يەنە شۇ يىلى 14 - ئىيۇلدىن ئۆكتەبىرگىچە 57000 ئادەم جازا مەيدانلىرىغا تاشلاندى. نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرى ۋەھشىلەرچە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىش، ۋەھشىلەرچە قىيناش، دەلىل ئىسپاتسىز ئۆلۈم جازاسى بېرىش قاتارلىق باشتۇرۇش ھەرىكەتلىرى ھەر ئايدا سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلماقتا. 2001 - يىلى 26 - 29 - ئاپرېل كۈنلىرى قەشقەر شەھىرىدە 186 ئادەم «قانۇنسىز دىنى پائالىيەت ئېلىپ بارغان» ناملىق بوھتان بىلەن قولغا ئېلىنغان. قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە ئابلىمىت مەمەت، ئەخمەت تۇرسۇن، ئابدۇللا ھەسەنلەر ئېتىپ تاشلاندى. شۇنداقلا 21 - ئاپرېل كۈنى غۇلجا شەھىرىدە «بۆلگۈنچىلەرگە ھېسداشلىق قىلغان» دېگەن ئەيىب بىلەن ئازاد مۇنار، تۇرداخۇن، دىلشاد بەك، ياسىنجان، يارمۇھەممەت ۋە زەينىدىنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. شۇنىڭدەك كورلا شەھىرىدە 13 نەپەر ئۇيغۇر ياش خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. (ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس) يېقىندا ۋەتەندىن ئالغان مەلۇماتىمىز بويىچە 2002 - يىلى 28 - مارت كۈنى قەشقەر شەھىرىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ 14 نەپەر ئۇيغۇر «مىللىي بۆلگۈنچى»، «قانۇنسىز دىنى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان» دېگەن سىياسىي بوھتانلار بىلەن تۈرلۈك قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنغان. يەنە شۇ كۈنى قەشقەردە 52 نەپەر ئۇيغۇر يۇقىرىقىدەك سىياسىي ئەيىبلەشلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان.

خوتەندە 4 - 11 - ئاپرېلدا قاراقاش ناھىيىسىدە سوت يىغىنى ئېچىلىپ توققۇز نەپەر ئۇيغۇرغا 7 يىلدىن 20 يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى تۆۋەندىكىچە؛ 1 - ئابابەكرى مەخسۇت 24 ياش؛ 2 - ئابلىز مەتتوختى 25 ياش؛ 3 - ئابدۇمجىت ئېزىز 29 ياش؛ 4 - مەمەت مەتتوختى 30 ياش؛ 5 - مەمەتجان مەمەت 31 ياش؛ 6 - ئابلىمىت ئېزىز 34 ياش؛ 7 - مەتتۇردى تۇرسۇن 22 ياش؛ 8 - ئىلھام مەمەت 23 ياش؛ 9 - سۇلايمان ئىيسا 28 ياش. يۇقىرىقى توققۇز نەپەر ئۇيغۇرغا قويۇلغان ئەيىب قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان، مىللىي بۆلگۈنچى دېگەنلەردىن ئىبارەت. خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتالمىش «تېرروررستلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەش» نىقابى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرى، دېموكراتلار، دىنىي ئەربابلار ۋە ھوقۇق قوغدىغۇچىلارنى جىسمانىي جەھەتتە يوق قىلىش سىياستىنى يۈرگۈزمەكتە.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى 2001 - يىلى 17 - 19 - ئۆكتەبىر كۈنلىرى بېلگىيىنىڭ بروكسېل شەھرىدىكى ياۋروپا پارلامېنتى بىناسىدا «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» بولۇپ ئۆتتى. بۇ قۇرۇلتايغا گېرمانىيە، بېلگىيە، شۋېتسىيە، ھوللاندىيە، شۋېتسارىيە، بېرتانىيە، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، رۇسىيە، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانلاردىن 130 نەپەر ئادەم قاتناشتى. 17 - ئۆكتەبىردە ياۋروپا پارلامېنتىدا بولۇپ ئۆتكەن «شەرقىي



تۈركىستاننىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرى ئىشغال قىلغان 50 يىل مابەينىدىكى ۋەزىيىتى» ناملىق تېمىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتى خەلقئارادا ناھايىتى چوڭ بولدى. بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزگە چىققان ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئەركىن ئالىپتېكىن، تۈركىيە ھۆكۈمەت ۋەكىلى ھاۋاخانىم، دوكتور تىمۇر خوجا ئوغلى ئەپەندى، گېرمانىيىدىكى خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى پېتىر مىۇللېر، قىرغىزىستاندىكى ئىنسان ھوقۇقىنى قوغداش «دېموكراتىيە» تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى تۇرسۇن ئىسلام، رۇسىيە ھوقۇق ئىنستىتۇتى رەھبىرى ۋالېنتىن گېفتېر، بېلگىيە رادىكال پارتىيىسىنىڭ باش كاتىپى ئولىۋېر دوپۇيس، خەلقئارالىق كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋەكىلى، ئالىملار، سىياسەتچىلەر خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى 1949 - يىلى بېسىۋالغاندىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ نەقەدەر دەپسەندە بولۇۋاتقانلىقى توغرۇلۇق نۇتۇقلار سۆزلىدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بروكسېلدىكى قۇرۇلتايغا ۋەكىللەر تەييارلىق كۆرۈپ، ۋىزا ئىشلەۋاتقاندا خىتاي دىپلوماتلىرى ۋە جاسۇسلىرى ۋەكىللەرگە توسقۇنلۇق قىلىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئىغۋا تارقىتىپ، «ۋەكىللەر ئىچىدە يەتتە نەپەر ئۇيغۇر تېرروررست بار» دېگەن يالغان سۆزلەرنى تارقاتتى. نەتىجىدە قىرغىزىستاندىن توققۇز ۋەكىل ئورنىغا تۆت ۋەكىل، قازاقىستاندىن 14 ۋەكىل ئورنىغا بىرمۇ ۋەكىل

بارالمدى. (ۋزا ئاالمدى). شۇنىڭدەك بروكسېلدا ياۋروپا پارلامېنت بىناسىدا يىغىن ئۆتۈلۈق ئۆتەۋاتقان چاغدا خىتاينىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەۋەر تارقىتىپ «ياۋروپا پارلامېنتى ئۇيغۇر تېررورستلىرىغا يىغىن ئېچىشقا يول قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپا پارلامېنتى بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە زىيان بولىدۇ» دەپ پوپوزا قىلدى. دېمەك ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ يىغىن چوڭ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىغۋاگەرلىك پىلانلىرى شەرمەندىلەرچە تار مار بولدى.

قېنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلىچۇ، كىم تېررورىست ئىكەن؟ ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىدا ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغداپ، تىنچلىق سىياسى يول بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىمۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس ۋەتىنىنى زورلۇق بىلەن ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ خەلقىنى ياۋۇزلارچە قىرغىن قىلىۋاتقان خىتاي باسقۇنچىلىرىمۇ ؟ ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنى «تېررورىستلار، بۆلگۈنچىلەر، ئىسلامچىلار، ۋاھابىچىلار» دەپ بەدنام چاپلاپ قارىلاشقا كىم ھوقۇق بەردى بۇ باسقۇنچىلارغا؟

ئا ق ش پرېزىدېنتى بوش خىتاينىڭ شاڭخەي شەھىرىدە جاڭ زېمىن بىلەن ئۇچراشقاندا «ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەر تېررورستلار ئەمەس، ئۇلار ئازادلىق جەڭچىلىرىدۇر» دېگەنىدى. پرېزىدېنت بوشنىڭ بۇ سۆزىنى 2001 - يىلى 17 -



ئۆكتەبىردە بروكسېلدىكى پارلامېنت بىناسىدا سۆزگە چىققان پارلامېنت ئەزالىرى ھەم ھەققانىيەت بىلەن تەكرارلىغانىدى.

ھازىر ئۇيغۇر خەلقى ئۆز دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىنچلىق يولى بىلەن سىياسى كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. خىتاي قانچىلىك كۈچلۈك بولسۇن، ئۇ خەلقىمىزگە قانچىلىك زۇلۇم سالمىسۇن، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان باسقۇنچىلارغا باش ئەككەن ئەمەس. بىز ھەرگىزمۇ تېررورچى، بۆلگۈنچىلەردىن ئەمەسمىز. بىز ئۆز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئەركىن، ھۆر، تىنچ ياشاشنى ئۈمىد قىلىمىز. بىزنىڭ كۈرشىمىز ھەققانى كۈرەش! ئۇيغۇر خەلقى ھامان بىر كۈنى مۇستەقىللىققا ئېرىشىدۇ!

بۇ دوكلات ئالبانىيىنىڭ پايتەختى تىرانا شەھىرىدە ئېچىلغان خەلقئارالىق ترانسىناتسىئونال رادىكال پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلتىيىغا سۇنۇلغان.

2002 - يىل، 30 - ئۆكتەبىر، تىرانا شەھىرى ئالبانىيە.

تۇرسۇن ئىسلام

## شەرقي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق توختىتىلسۇن!

مۇراجىئەت

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش كاتىبى كوفي ئاننان جانابلىرىغا،

ئا ق ش پرېزىدېنتى جورج بوش جانابلىرىغا،

رۇسىيە فېدېراتسىيىسى پرېزىدېنتى ۋ. پۇتىنغا،

گېرمانىيە فېدېراتسىيىسى باش مىنىستىرى گېرخارد شرېدېر جانابلىرىغا،

بۈيۈك بېرىتانىيە باش مىنىستىرى تونى بلېر جانابلىرىغا،

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى ئەخمەت نەجدەت سەزەر جانابلىرىغا،

قازاقىستان پرېزىدېنتى ن. نازارباييېۋقا.

ھۆرمەتلىك جانابلار!

بىزكى بىشكېكتىكى ئىنسان ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىش «دېموكراتىيە» تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى، خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار (ئاتالمىش ش ئۇ ئا ر دىكى)غا قارىتىلغان جازالاش چارىلىرىنى توختىتىشقا چاقىرىشچىلار ھەققىدە مۇراجىئەت قىلىۋاتىمىز. بىز سىزلەرنىڭ ئۆز ۋاكالەتلىكىڭلەردىن پايدىلىنىپ، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ش ئۇ ئا ر دا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان گېنوتسىد (قىرىپ تۈگىتىش)



سىياسىتىنى ـ ش ئۇ ئا ر غا خىتايلارنى پىلانلىق، ئاممىۋى كۆچۈرۈشنى توختىتىشنى، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە باشقا خەلقلەرنى جازالاش چارىلىرىنى توختىتىشقا چاقىرىشچىلارنى سورايمىز! گەرچە بۇ خەلقلەرنىڭ ياشاۋاتقان يېرى «ئاپتونومىيە»ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى كومپارتىيە قولىدا بولۇپ، 50 نەچچە يىلدىن بېرى ئۇلارغا قارىتا ئاسسىمىلياتسىيە ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياستى يۈرگۈزۈلمەكتە.

2001 - يىلى 11 - سېنتەبىر پاجىئەلىك ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى تېررورىزم، ئىسلامىزمنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى، دېموكراتلىرىنى، ئىنسان ھەقلىرىنى ھىمايە قىلغۇچىلارنى جىسمانىي يوقىتىشنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. ئاتالمىش «ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلىرى»، «ئۇيغۇر تېررورىزمى» ئەپسانە بولۇپ، بۇ ھاكىمىيەتنى مونوپول قىلىۋېلىپ كىمنى ئۆلتۈرۈش، كىمنى كەچۈرۈش ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغانلارنىڭ تۆھمىتىدۇر. دەل خىتاي ئۆزىنىڭ توتالىتارلىق، ئېكسترېمىستلىق سىياسىتىنى «ئۇيغۇر تېرررورىزمىغا قارشى تۇرۇش» شۇئارى ئاستىدا يۈرگۈزمەكتە. شۇڭا بۇ شۇئار ئاستىغا ئەڭ قانخور جاللاتلار يوشۇرۇنغاندۇر.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەركىزى ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئايرىم سىياسەتچىلەر ۋە ھوقۇق ساقلاش ئىدارىلىرى «ئۇيغۇر قارتىسى» نى ئاكتىپ ئوينىماقتا. ئۇلار خىتاينىڭ مەخسۇس

خىزمەت ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە «تېررورچى ۋە دىنىي ئەسەبىيەتچىلەر» دەپ تۆھمەت چاپلاۋاتىدۇ.

ئىنسان ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىش «دېموكراتىيە» تەشكىلاتىمىز ۋە مەركىزى ئاسىيادىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىتى ئۇيغۇر خىتاي پۇقرالىرى خەمىت مەمەت، ئىلىيار زوردىن، قاسىم مەخپىرلارنى چېگىرىدىن ئۆتۈپ كېلىپ سىياسىي باشپاناھ سورىغانلىقىغا قارىماي، قانۇنسىز ھالدا خىتايغا تۇتۇپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى (ئۇلار خىتايدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى )، قىرغىزستان ھۆكۈمىتىنىڭ جېلىل تۇردى، ھامۇت ياسىن، مەمەت سادىقلارنى قانۇنسىز ھالدا خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى، يېقىندا نېپال ھۆكۈمىتىنىڭ خوجامەمەت ئابباس (شىرئەلى)نى خىتايغا تۇتۇپ قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى (گەرچە ئۇ قاچاق ستاتۇسىنى ئالغان بولسىمۇ) نەتىجىدە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ تاشلانغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

1998 - يىلى بىشكېكتە «قانۇنسىز قورال ساقلىغان» دەپ ئەيىبلىنىپ 14 يىل ھۆكۈم كېسىلگەن قاسارجىغا كېيىن يەنە 10 يىل قوشۇلغان بولۇپ، ھازىر خىتاي دائىرلىرى ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ھاياتىغا ئەمەلى خەۋپ تۇغدۇرۇۋاتىدۇ.



2003 - يىلى 15 - دېكابىردا خىتاي بىخەتەرلىك مىنىسترلىكى دۇنياغا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ دۇنياۋى قۇرۇلتىيى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيە مەركىزى (گېرمانىيىدە) قاتارلىق تەشكىلاتلارنى «تېررورلۇق تەشكىلات» دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنى تۇتۇپ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ۋە مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش كېرەكلىكىنى «جاكار» قىلدى. تەبىئىي سوئال تۇغۇلىدۇكى: دۇنيا ياشلار قۇرۇلتىيى ۋە ش ت ئىنفورماتسىيە مەركىزى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ ئەدلىيە مىنىسترلىكىدىن رۇخسەت ئالغان بولۇپ، خىتايلار قانداق ئاساس بىلەن بۇلارنى تېررورىست دەپ ئاتىدى؟ ۋاھالەنكى، ئەمەلىيەتتە بۇ تەشكىلاتلارنىڭ مەقسىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تىل - يېزىقى، تارىخىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغداشتىن ئىبارەت. ئىنفورماتسىيە مەركىزى پەقەت ئىنتېرنېتتىن ئېلىنغان خەۋەرلەرنى تارقىتىش بىلەنلا شۇغۇللىنىدۇ، خالاس.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچ، نارازىلىق نامايىشلارغا چىقىشىنىڭ سەۋەبى بىرلا - خىتاينىڭ مۇستەملىكچىلىك سىياسىتى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكىنى دەپسەندە قىلىۋاتقىنى، قانۇنسىز تۈردە خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقىنى ۋە ئۇيغۇرلارغا قاراتقان گېنوتسىد سىياسىتىدۇر.

1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار 96% نى خىتايلار 1% - 2 نى تەشكىل قىلاتتى. ھازىر بولسا رەسمى

مەلۇمات بويىچە خىتايلار 50% كە يەتتى (ئەمەلىيەتتە ئۇشۇق) 2005 - يىلى خىتايلارنىڭ سانىنى 70 مىليونغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىماقتا.

ب د ت نىڭ 1948 - يىلى ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسىنىڭ 2، 3، 19، 20 - ماددىلىرىدا ۋە 1975 - يىلى 1 - ئاۋغۇستتىكى ھېلسىنكى كېلىشىمىدە ھەر بىر ئادەم ئىرقى، رەڭگى، جىنسى، تىلى، دىنى ئېتىقادى، سىياسى ياكى ئىجتىمائىي ئەھۋالى، بايلىقى، قايسى قاتلامدا ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ھوقۇقلاردىن ۋە ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشى كېرەك دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسان قايسى مىللەتتىن بولۇشىغا يەنى ئۇ قەيەردە، سۇۋېرېن مۇستەقىل دۆلەتتە، ھامىيلىق ئاستىدىكى زېمىندا ياكى بېقىندى - مۇستەملىكە ئەللىرىدە ياشاۋاتقىنىغا قارىماستىن سىياسى ۋە يۇرىدىك ھوقۇق جەھەتتىن ھېچقانداق چەكلەشكە ئۇچرىماسلىقى، كەمسىتىلمەسلىكى كېرەك. ھەر بىر ئادەم ياشاشقا ۋە شەخسەن دەخلىسىزلىككە ھوقۇقلۇقتۇر دەپ كۆرسىتىلگەن. مانا شۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز ۋەتىنىدە ئازاد، ئەركىن ياشاشقا ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇقتۇر.

بىز شەرقىي تۈركىستاندىكى (ش ئۇ ئا ر دىكى) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېلەچەك تەقدىرى ئۈچۈن بەكمۇ تىنچسىزلانماقتىمىز. بىز مەركىزى ئاسىيادا تىنچلىقنىڭ ساقلىنىشىنى خالايمىز.



شۇڭا سىز ئالىي جانابلاردىن تۆۋەندىكى چارىلارنى كۆرىشىڭلارنى سورايمىز:

1- خىتاي ھۆكۈمىتىنى سىياسى مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى توختىتىشقا چاقىرىش؛

2 - خىتاي رەھبەرلىرىنى دۆلەتىدىكى ئىنسان ھەقلىرىنى ھۆرمەتلەشنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە يول بېرىشكە چاقىرىش؛

3 - شەرقىي تۈركىستانغا قانۇنسىز كۆپلەپ خىتاي كۆچۈرۈشنى توختىتىشقا چاقىرىش؛

4 - خىتاي بىخەتەرلىك مىنىسترلىكىنىڭ 2003 - يىلى 15 - دېكابىردىكى ئېغۋاگەرلىكىنى ئەيىبلەش؛

5 - نېپال، قازاقىستان، قىرغىزستان ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ، سىياسى باشپاناھ سورىغانلارنى قانۇنسىز تۈردە خىتايغا قايتۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى توختىتىشقا چاقىرىش؛

6 - سىزلەرنىڭ ئا ق ش ھۆكۈمىتىدىن گۇئانتانامودىكى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىككە چارە كۆرىشىڭلارنى ئۆتۈنۈپ سورايمىز.

بىشكېكتىكى ئىنسان ھەقلىرىنى ھىمايە قىلىش «دېموكراتىيە» تەشكىلاتى ۋە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئا ق ش نىڭ ئافغانىستان، ئىراق قاتارلىق جايلاردىكى تېررورىزمغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى قوللايدۇ ۋە قىرغىزستاندىكى ئا ق ش

نىڭ «گانسى» ئاۋئىا بازىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا مىننەتدارمىز دەپ ھېسابلايدۇ.

بىشكېك شەھرىدىكى ئىنسان ھوقۇقنى قوغداش «دېموكراتىيە» تەشكىلات رەئىسى: تۇرسۇن ئىسلام

كېڭەش ئەزالىرى:

ش. ئابدۇرېھىم، ئى. باسىت، ئى. قاسىم، ئا. زىياۋۇدۇن، د. سەلىيۇ، ئا. زىياۋۇدىنوۋا، ش. سەلىيېۋا، د. زۇلپىقاروۋ.

2004 - يىل، يانۋار

بىشكېك، قىرغىزستان



# مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش يولىدا



شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى
ئەخمەتجان قاسىمىي
( 1949–1914 )



شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى
ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي
( 1976-1885 )





شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى ھاكىمبەگ غوجا
( 1957-1880 )



خەلق قەھرىمانى –
غېنى باتۇر مەممەتباقى ئوغلى
(1981–1902)





شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ
باش قوماندانى گېنېرال-لېيتېنانت
ئىسھاقبېك مونونوۋ
(1949–1902)



شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى
ئابدۇرەئۇف مەخسۇم ئىبراھىمى
(1914)





شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت
ئەزاسى، سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى
قاسىمجان قەمبەرى
(1956–1909)



شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت
ئەزاسى، مىللىي ئارمىيە سىياسىي باشقارما
باشلىقى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ
( 1949-1921 )





شەرقىي تۈركستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ
مۇئاۋىن باش قوماندانى گېنېرال-مايور
دەلىلخان سۇغۇربايېۋ
( 1949-1906 )



شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ
مۇئاۋىن قوماندانى زۇنۇن تېيىپوۋ
(1984-1912)





شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەت ئەزاسى،
ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى
رەخمجان سابىرھاجىيېۋ
(1977-1906)



خەلق قەھرىمانى
فاتىخ مۇسلىموۋ
( 1975–1906 )





مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوۋ
(1915 - 1970)



پاتخ باتۇر



غېنى باتۇر



ئوشۇر باتۇر



نۇر باتۇر



ئوسمان باتۇر

خەلق قەھرىمانى غېنى باتۇر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى






1944-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.
سۈرەتتە: ئازاتلىقنىڭ دەسلەپتىكى نىلقا ناھىيە بازىرى.



خەلق قەھرىمانى - ئەكبەر باتۇر ئىبىبۇسىن ئوغلى
(1944 1917)






1944-يىلى 12-نويابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.
سۈرەتتە: ئاممىۋى تەبرىكلەش يىغىلىدىن بىر كۆرۈنۈش.




1945-يىلى 8-ئاپرېل كۈنى مىللىي ئارمىيەگە بايراق تاپشۇرۇش مۇراسىمى





شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەمىيىتىنىڭ مىللىي
ئارمىيە قىسىملىرى ھەربىي پارادتىن ئۆتمەكتە
1945-يىلى 8-ئاپرېل، غۇلجا




1945 - يىلى ئىيۇن ئېيىنىڭ باشلىرىدا مىللىي ئارمىيە باش شتابى جەنۇب، شىمال، ئوتتۇرا يۆنىلىشلەر بويىچە ئۇرۇش قىلىش پىلانى تۈزگەن. شىمالى يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى شىخوغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تارباغاتاي، ئالتايلارنىڭ شىخو بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش. ئوتتۇرا يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى جىڭغا ھۇجۇم قىلىش. جەنۇبى يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى جەنۇبى ئۈيغۇرستانغا يۈرۈش قىلىپ، پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ ئۇرۇش.

سۈرەتتە: ئۈچ يۆنىلىش بويىچە جەڭ قىلىش پىلانىنىڭ خەرىتىسى .






شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئوفىتسېرلار ۋە بارلىق كۆرسەتكۈچ كۆرسەتمىلىرى.





سۈرەتتە ئەخمەتجان قاسىمى، رەخىمجان سابىرھاجى ۋە
ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار



سۈرەتتە ئەخمەتجان قاسىمى، رەخىمجان سابىرھاجى ۋە
ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار




مۇرۇنقى ئىنقىلابچىلار مىللىي باتۇر پاتىخ باتۇر ۋە رەفىق باتۇرلار بىلەن







ئابدۇكبرىم ئاباسوۋ بىلەن قاسىمجان قەمبىرى جەنۇبىي فرونتقا ئاتلىنىش ئالدىدا 1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى غۇلجىدا چۈشكەن سۈرەت.



پودپولكوۋنىك هۈسەيىن غازىيىۋ سەپدىشى بىلەن



مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىكى رەھبەرلەر، ئوفىتسېر جەڭچىلەر بىلەن بىللە







ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى تىككەن قەھرىمان ئوغلانلار.



[illegible]



ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلغان بىر توپ ھەربىي قىزلار. ئەڭكىشى قاتاردا سولدىن بىرىنچى ئوت يۈرەك قەھرىمان قىز رىزۋانگۈل





مىللىي ئارمىيەنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېرلىرى



1945-يىل ئىيۇلدا مىللىي ئارمىيە غۇلجا بايانداىدا
ئوفىتسېرلار مەكتىپى ئېچىپ ئورغۇن ئوفىتسېرلارنى
تەربىيەلىگەن.
سۈرەتتە: 1-قاراردا ئولتۇرۇپ چىققان ئوفىتسېرلار





مىللىي ئارمىيە 42 پولك 2 باتالىيون جەڭچى ئوفىتسېرلىرى





1946-يىلى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئەزالىرى
ناخشا ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ ئارتىستلىرى بىلەن



شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ
بىر تۈپ ئوفىتسېرلىرى





مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاتلىق ئەسكەر قىسىملىرى



مىللىي ئارمىيەنىڭ تانك ۋە توپچى قىسىملىرى



تۆرىيان پارتىزانلىرى غۇلجىغا كېلىپ مىللىي ئارمىيە
بىلەن ئۇچراشتى





جومھۇرىيەتنىڭ [illegible] قىسىملىرىدىن بىر كۆرۈنۈش



جومھۇرىيەتنىڭ [illegible] دوۋزوي



شەرقىي تۇركستان مىللىي ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ
جەڭچى – ھەمشىرىلىرى






سوگىس سوتىف سوسمىن، ھوشۇر
ۋە ئۇزۇھ يولداشلار




غازى ئىسمائىل قاتارلىق مىللىي
ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى








مىللىي ئارمىيە ئىشلەتكەن ئېغىر تىپتىكى قوراللار



مىللىي ئارمىيە ئىشلەتكەن يېنىك پولېمىيوتلار




شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوردېن ۋە مېداللىرى

«ئازادلىق» ئوردېنى، ئالتۇن          ئوردېنىنىڭ بىرىنچىسى، ئالتۇن          «باتۇرلۇق» مېدالى، كۈمۈچ
«ئازادلىق» ئوردېنى، كۈمۈچ          «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش»          «پىدائىي» مېدالى، كۈمۈچ
«ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنىنىڭ ئىككىنچىسى، كۈمۈچ          «ساداقەت» مېدالى، كۈمۈچ.







مىللىي ئارمىيە ئىشلەتكەن تاپانچىلار



مىللىي ئارمىيە ئىشلەتكەن سىمسىز رادىئو ئەسۋاپلىرى



مىللىي ئارمىيەنىڭ پاگونلىرى




مىللىي ئارمىيە تارقاتقان مېداللار





مىللىي ئارمىيە تېكەس ا ئاتلىق پولكىنىڭ بايرىقى



مىللىي ئارمىيە بورتالا 8 - ئاتلىق پولكىنىڭ بايرىقى




1946 يىلى يانۋاردا شەرقىي تېكستان ئىنقىلابى ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنالى «كۆرەش» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ژۇرنال) نەشر قىلىنغان ئۇنىڭ باش مۇھەررىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بولۇپ سايلانغان









تارباغاتاي ۋىلايىتىدە بىر نەچچە خىل گېزىت بېسىپ تارقىتىلغان سولدا يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە «خەلق ساداسى» (ئۇيغۇرچە)، «دېموكراتىيە» گېزىتى (ئۇيغۇرچە)، «دۆرىسلىجىك خەۋرى» (قازاقچە). ئوڭدا يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە «تارباغاتاي خەلق ساداسى» (خىتايچە)، «ئىنقىلابى ياشلار» (رۇسچە)، «ئىنقىلابچىل ياشلار» (ئۇيغۇرچە)

















1945 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تارقاتقان پۇللىرى (100 دوللاردىن 1000 دوللارغىچە)






















1947-يىلى ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبىسى تارقاتقان
تۆت خىل چېك (يۈەن) 2000، 2500 ۋە 3000 دوللارلىق پۇللار







ئەخمەتجان قاسىمى قومۇل پارتىزانلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن



شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ھەربىي سود كوللېگىيەسىنىڭ
رەھبەرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى



مىللىي ئارمىيە مەركىزىي ھەربىي دوختۇرخانىسىنىڭ
رەھبەرلىرى ۋە تىببىي خادىملىرى





1945 يىلى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى رەھبىرى
ئەزالىرى تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى بىر قىسىم مەسئۇل
كادىرلار بىلەن غۇلجىدا چۈشكەن سۈرەت
سۈرەتتە: ئالدىنقى رەت سولدىن رەخمىجان سابىرھاجى
(ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى)



ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى غۇلجىدا يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە بىر قىسىم مەسئۇل كادىرلار بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت.





شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بايرىقىنى
خاتىرىلەش يىغىنى (غۇلجا شەھىرى)



ئەخمەتجان قاسىمى ئىتتىپاق مەركىزي كومىتېتى ئىجرائىيە ھەيئەتلىرى ئارىسىدا



ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدىكى [illegible] بالىلار [illegible]
ۋە ئىشچى خىزمەتچىلىرى بىلەن



ئەخمەتجان قاسىمى ۋە [illegible]
كادىرلىرى ۋە [illegible] بىلەن





1947 يىلى 21-27 سېنتەبىر كۈنلىرى موڭغۇل خەلق قۇرۇلتىيى
غۇلجىدا چاقىرىلىپ. موڭغۇل مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى
سۈرەتتە ئەخمەتجان قاسىمى موڭغۇل ۋەكىللەر بىلەن



140

ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ، دەلىلقانلار ئالتاي-
دىكى ئەسكەرلەرنىڭ سەپىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە



141

ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىدىكى رۇس مەكتىپىنىڭ
ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە



142

[illegible]-يىلى 20-سېنتەبىر كۈنى غۇلجىدا ئوتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا
[illegible] ئالغان كۆپ لەۋھەگە مۇيەسسەر بولدى.



143

1945-يىلى 15-نويابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.
سۈرەتتە: 1947-يىلى ئەتىيازدا ئىتتىپاق مەركىزى كومىتېتىنىڭ
رەھبەرلىرى خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە
سۈرەتتە: رەئىس سەيدوللا سەيپۇللايېۋ ۋە مۇئاۋىن رەئىس قۇربان سىيايېۋ



١٩٤٨-يىلى نويابىردا ئەخمەتجان قاسىمى بىر توپ مۇئەررىپ خىزمەتچىلىرى بىلەن.
[illegible] ئەخمەتجان قاسىمى





ئىمىنجان باۋدۇن 1897 يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان ئۇ ئىلى تەۋەسىدىكى كۆرۈنەرلىك مەرىپەتچىلەردىن بولۇپ، 1940 يىلى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنىپ، 1944-يىلى بوشىتۇلغان. 1945-يىلى ئۇ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چاپچال ناھىيەلىك ساقچى ئىدارە باشلىقلىقىغا تايىنلانغان. ئۇنىڭ تۈرمىدە بۆرىكى زەخمىلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن 1948-يىلى ۋاپات بولغان.



ئەخمەتجان قاسىمى ھەر مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن






1946-يىلى كۈزدە ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىدە
«ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت» نىڭ قىسمەن خىزمەتچىلىرى بىلەن



1948-يىلى 1-ئاۋغۇست كۈنى تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.
سۈرەتتە: ئىتتىپاقنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر.






2/1. 1946.



تېچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى ياشلار بۆ
ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمي چۈشكەن ...







1947 - يىلى ئىيۇلدا غۇلجا شەھرىدە مىللىي ئارمىيە ۋە
خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى نامايىشى




7 ۋىلايەتتىن قىسمەن ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشى
ئەزالىرى غۇلجىغا كەلدى







ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ



سەيپىدىن ئەزىزى




سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ



ئەسئەت ئىسھاقوۋ



ئابدۇللا زاكىروۋ



ئەنۋەر خانبابا



مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوۋ

ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى
ۋە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ
تەشەببۇسچىلىرى ھەم بىرىنچى
قېتىملىق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
ئەزالىرى.



1949-يىلى 11-ماي كونى؛ شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى
غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىلەن چاقىرغان





1948 يىلى تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى
شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيالىلار بىلەن غۇلجىدىكى بابىشىۋ باغچىسىدا



1948 يىلى سېنتەبىردە تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل
ئىتتىپاقىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەشكىلىي كومىتېتى
قۇرۇلغاندا چۈشكەن خاتىرە سۈرەت.



1948 يىلى سېنتەبىردە ئەخمەتجان قاسىمى چۆچەككە
بېرىپ، تىنچلىقنى ساقلاش تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا ياردەم بەردى





تىنچلىقنى قوغداش خەلقچىل ئىتتىپاقى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ
بىر توپ ھەيئەت ئەزالىرى.
سۈرەتتە: مەھىنۇر قاسىم، تەۋاخان مىرشانوۋا ۋە ئايشە مۇئزونوۋا

غېنى باتۇر مۇھاجىرەتتە




مەرھۇم ئالىم ئاسىم باقىي ھىممەتلىكىدە 1979 يىلى
تاشكەنتتە «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى»
تېمىسىدا ئىلمىي كونفېرېنسىيە بولۇپ ئۆتكەن .
سۈرەتتە: بىر توپ كونفېرېنسىيە قاتناشچىلىرى (سولدىن
ئوڭغا) مەرھۇم ئىسمىر خىلىل ئەمرايېۋ، خەلق قەھرىمانى
غېنى باتۇر، ئاتاقلىق ئاخشىچى سۇلتان مەمەتوۋ
ۋە قازاقىستانلىق تۇرسۇن ئىسلام











1950-يىلى 15-مارت كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، دەللىلقان سۇغۇرباييۇلارنىڭ جەسىدى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا يۆتكەپ كېلىندى.



ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنى دەپنە قىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان خەلق ئاممىسى





ئابدۇرېشىت ئىمىن
(1949 1922)

ئابدۇرېشىت ئىمىن «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدا 1944 1947 يىللاردا مۇخبىر ۋە تەھرىر. 1948 1949 يىلى ئاۋغۇستقىچە «ئىتتىپاق» نەشرىيات بۆلۈمىدە مەخسۇس مۇخبىرلىق خىزمىتىنى قىلغان. 1949 يىلى ئاۋغۇستتا ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى تەركىبىدە بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ «ئابروپىلان ھادىسىسى»دە قازا تاپقان.






غۇلجا خەلقى ئىنقىلابى قۇربانلارنى
خاتىرىلەپ تەزىيە بىلدۈرمەكتە






سۈرەتتە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابى قۇربانلار
خاتىرە كۆرگەزمىخانىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى (غۇلجا)



كۆرگەزمىنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى

1944 - 1949 - يىللىرى شەرقىي
تۈركىستاننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى
ئايىماي، قان كېچىپ جەڭ قىلغان مىللىي
ئارمىيىنىڭ بىر تۈركۈم جەڭچى ئوفىتسېرلىرى
ھازىر قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدە ياشاۋاتقان
ئەزىز غازى ئاكىلار خاتىرىسى





هۈسەيىن غازىيېۋ .

هۈسەيىن غازىيېۋ 1919-يىلى قىرغىزستاننىڭ قاراقول شەھرىدە تۇغۇلغان. 1932-يىلى كوزدە ئەنجان شەھرىدىن قەشقەرغە بېرىپ ئەمەتقۇلھاجى پولكوۋنىك (تەنجاڭ). رىشىتەم پولـكوۋنىك (تەنجاڭ) لارنىڭ ئوترەدلىرى بىلەن قەشقەر يېڭى شەھەردىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان. 1935-يىلى غۇلجىغا كېلىپ، ئاگرونوملۇق كۇرسىنى ئوقۇپ، يەر-سۇ ئىدارىسىدا تېخنىك بولۇپ خىزمەت قىلغان.

1943-يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىدا قۇرۇلغان «ئىنقىلابى ئازات

تەشكىلات» نىڭ ئەزاسى بولۇپ تەشۋىقات خىزمىتىنى يۈرگۈزۈشكە قاتناشقان. 1944-يىلى نويابىردىن تارتىپ غۇلجىدىكى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭغا قورال تۇتۇپ قاتناشقان. غۇلجىنى ئازات قىلغاندىن كېيىن پارتىزان ئوترەدى تەركىبىدە كەڭسايىنى، چىلپەڭزىنى ۋە سۈيدۈڭ شەھەرلىرىنى ئازات قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. كورەنى ئۇرۇشسىز ئازات قىلغاندىن كېيىن گومىنداڭدىن ئەسىرگە چۈشكەن 500 ئۇيغۇردىن تەشكىل قىلغان بىر پارتىزان ئوترەدىنى تەشكىل قىلىپ، شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ ئوترەدكە كوماندىر بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئوترەدنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى غۇلجا ئېلېكتروستانسىيەسى يېنىدىكى سوۋېت سودا شىركەت بازىسىغا ئورۇنلىشىپ ئائېرودروم مۇھاسىرىسىگە مەسئۇل بولۇش ئىدى.

ھۈسەيىن غازىيېۋ ھەرەمباغ، لەڭشاڭ، ئائېرودروم ئۇرۇشلىرىغا بىۋاستە قاتناشقان. غۇلجا شەھىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتى خىتايلاردىن تازىلىنىپ تولۇق ئازات بولغاندىن كېيىن جەنۇبى فرونتقا ئاتلىنىپ، تېكەس قوشتاي ئارقىلىق داۋاندىن ئېشىپ باي ناھىيەسىگە قاراشلىق قېيىر دېگەن جايدىكى بىر روتا خىتاي ئەسكىرىنى يوق قىلىپ باي ناھىيەسىنى ئازات قىلىشقا قاتناشقان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يورۇش مۇز داۋان ئاستىدىكى قورغانغا ھۇجۇم قىلىش بولغان بولسىمۇ، بۇ سېپىلدىكى مۇداپىيە كۈچلۈك بولۇپ، خىتايلار بۇ يەرگە مەھكەم مۇكونگىنى ئۈچۈن سېپىلنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش موشكۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ھوسەيىن غازىيېۋلار ئوترەدى ئاقسۇ تەرەپتىكى «ئۇز ئاۋات» ناملىق جايدىكى خىتاينىڭ بىر پولك ئەسكىرىنى يوق قىلغاندىن كېيىن قايتىدىن قورغانغا ھۇجۇم قىلىپ خىتاينىڭ بىر يارىم مىڭ ئەسكىرىنى يوق قىلغان. بۇ يورۇشتىن كېيىن ئاقسۇ كونا شەھەر ئازات قىلىنغان. ئەمما ئۇرغۇن خىتاي چېرىكلىرى ئاقسۇ يېڭىشەھەر سېپىلىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە ئوترەدلىرى بۇ سېپىلنى ئىككى ئاي قورشاپ تۇرۇپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا غۇلجىدىن بۇيرۇق كېلىپ «بېتىم» غا بىنائەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئاقسۇدىن غۇلجىغا قايتۇرۇلىدۇ.



ھۈسەيىن غازىيېۋ غۇلجا شەھەر كومېندانتى. كېيىن 1947-يىلى بايانداييدىكى ھەربى ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، 1948-يىلى پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن مىللىي ئارمىيە شتابىنىڭ ئوپېر بۆلۈم باشلىقى خىزمىتىگە تەيىنلىنىدۇ.

ھۈسەيىن غازىيېۋ شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ 1946-يىلى 20-ئىيۇندىكى پەرمانىغا ئاساسەن ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرى ئۈچۈن 402-نومېرلىق «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئىككىنچى دەرىجىلىك ئوردېنى ۋە 716-نومېرلىق «باھادىرلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1955-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.



## سۇلايمان ئىسمايىل .

سۇلايمان ئىسمايىل 1924-يىلى نويابىردا غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. مەكتەپنىڭ 7-سىنىپىنى تاماملاپ، كۇر
2-قارارىنى تاماملىغان.

1944-يىلى 6-نويابىرغىچە غۇلجىدا سەرگە زاۋۇدىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1944-يىلى 7-نويابىردىن باشلاپ مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ئىلى ۋىلايىتىنى خىتايلاردىن ئازاتلاش ئۇرۇشلىرىغا تولۇق قاتناشقان. غۇلجىدىكى خىتاي چېرىكلىرىغا ياردەم ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن 7-كورپۇس



خىتاي قىسىملىرىنى ئاچال تاغلىرىدا تار-مار قىلىش جەڭلىرىدە ئاكتىپ قاتناشقان. 1945-يىلى 8-ئاپرېل كۈنى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندا ئېسكادرونغا ياردەمچى پولىمىيوتچىك بولۇپ، ئېسكادروننى شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا موفاك، دۆربىلجىن، قوبۇق ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. چۆچەك ئېچىلىش بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيەلەش خىزمەتلىرىگە قاتناشقان. ئاۋغۇستتا شەرققە يۈرۈش قىلغاندا چىپەيزە ۋە شىخو ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. جىڭدا قورشاۋدا قالغان ئون مىڭدىن ئارتۇق خىتاي چېرىكلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇش جەڭلىرىدە ئىشتىراك قىلغان. 1945-يىلى نويابىردا شىخەنزىدە ئۈچ ئايلىق ھەربىي توپوگرافىيە كۇرسىنى ئەلا دەرىجىدە تاماملىغاندىن كېيىن 1946-يىلى 2-ئايدا ئوقۇش ۋزۋود كوماندىرى، 3-ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئورتا يۆنىلىش بويىچە ئېچىلغان شتاب ئىشلىرىنى ئۆگىنىش روتىسىغا كوماندىر بولۇپ تايىنلانغان. كۇرس تاماملانغاندىن كېيىن ئورتا يۆنىلىش شتابىنىڭ ئوپېر بۆلۈم باشلىقى. كېيىن 1946-يىلى نويابىردا غۇلجا «ئازات ئىشانلىق» پولكىدا سىياسى بۆلۈم مۇئاۋىنى، 1947-يىلى يانۋاردا شۇ پولكنىڭ 2-باتالىيونى سىياسى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئاتقۇرغان.

ئۇ «ساداقەت»، «پىدائىي»، «باتۇرلۇق» ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت» ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان. سۇلايمان ئىسمايىل 1963-يىلى ئائىلىسى بىلەن غۇلجىدىن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.



## خەمىت كەنجىبايېۋ

خەمىت كەنجىبايېۋ 1922-يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. 1929-يىلدىن 1935-يىلىغىچە ئۇمىت مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئاندىن 1942-يىلىغىچە غۇلجا رۇس گىمنازىيەسىدە ئوقىغان. 1942-يىلدىن 1944-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇمىت مەكتىپىدە مۇئەللىم بولغان. 1944-يىلى مىللىي ئىنقىلاب باشلىنىش بىلەن بىر مۇددەت ئەسكەر، كېيىنچە يەنى 1945-يىلى ئاپرېلدىن دېكابىرغىچە سوپاخۇن ئوتردى تەركىبىدە ئاقسۇ ئۇرۇشلىرىدا



قاتناشقان. 1946-يىلدىن 1947-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مىللىي ئارمىيە باش شتابى ھەربىي قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى. 1947-يىلى 2-يېرىمىدىن 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىمالىي يۈنىلىش شتاب باشلىقى خىزمەتلىرىدە بولغان.
1959-يىلى ئاپرېلدا قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.



نۇرمۇھەممەت ھەسەنوۋ .

نۇرمۇھەممەت ھەسەنوۋ 1926-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. مىللىي ئىنقىلاب پارتلىغاندا غېنى باتۇرنىڭ پارتىزان ئوترەتىگە قوشۇلغان. غۇلجا، سويدۇڭ، كورە سوقۇشلىرىغا قاتناشقاندىن كېيىن كەگسايدا زەمبىرەك-مىنوميوت كۇرسىدا ئوقۇپ، زەمبىرەك-مىنوميوت دىۋىزىئونىدا داخىيانزا، يونجىخو سوقۇشلىرىدا ئاندىن دۇربىلجىنىڭ چۆچەك ۋە شىخو سوقۇشلىرىدا بولغان. ماناس دەريا بويىدا مۇداپىيەدە بولۇپ، 1946-يىلى كورە-



گە قايتىپ كەلگەن.

1947-يىلى باياندايدا مىللىي ئارمىيە ھەربى مەكتىپىدە 1948-يىللىغىچە ھەربى ئۇنۋانى كاپىتان.

نۇرمۇھەممەت ھەسەن غۇلجا شەھرىدىن 1962-يىلى قىرغىزستانغا ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ چىققان.



## سانىيە راخمانوۋا

سانىيە راخمانوۋا 1930-يىلى 11-ئىيۇلدا سويدۇڭ شەھرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن 1945-يىلى 10-فېۋرالدىن 1946-يىلى 10-ئىيۇلغىچە مىللىي ئارمىيە سەپىدە تىببىي ھەمشىرە بولۇپ خىزمەت قىلغان.
1955-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.





## تۇرسۇن مۇسايېۋ

تۇرسۇن مۇسايېۋ 1923-يىلى قازاقستاننىڭ ياركېنت شەھرىدە تۇغۇلغان. 1944-يىلى 2-ئىيۇلدا نىشانلىق پولك تەركىبىدە غۇلجا داخىل گىرا. باجاخۇ. جىڭ سوقۇشلىرىدا كېيىن ئاقسۇ جەڭلىرىدە بولغان. 1946-يىلى ھەربىي سەپتىن بوشىغان ئۇ جاسارىتى ئۈچۈن «باتۇرلۇق» مېدالىنى ئالغان. ھەربىي ئۇنۋانى - سېرژانت 1955-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.



## تۇرسۇن مۇھەممەت غازىناخۇن ئوغلى قۇربانى.

تۇرسۇنھاجى قۇربانى 1922-يىلى 12-ئاپرېلدا تۇغۇلغان. 1934-1938-يىللىرى غۇلجا «ھوسەينىيە». 2-ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقىغان. 1939-يىلى ئوقۇشنى سىرتتىن ئوقۇشقا ئۆزگەرتىپ، مۇئەللىملەر تەييارلاش كۇرسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن تورپانيوزى، غۇلجا 11-باشلانغۇچ ۋە شەرق مەكتەپلىرىدە مۇئەللىم ۋە مۇدىر بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1944-يىلى مىللىي ئىنقىلاب ۋاقتىدا تۇرسۇن قۇربانى گېنېرال ماژاروۋنىڭ مەسلىھەتى بىلەن رادىستلىق كۇرسىدا ئوقۇيدۇ. غۇلجا رادىئوستانسىياسىدا سوۋېتلىك رادىستلار بىلەن ئىككى ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن بۇيرۇققا بىنائەن شىخەنزە فرونتىغا ئەۋەتىلىدۇ. بۇ يەردە قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىپ، ھەر كۈنى كېچە-كۈندۈز غۇلجا، چۆچەك، كۈنەس، كونا ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ رادىئوستانسىيەلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشاتتى. رادىئو ئالاقە خىزمىتى تولىمۇ مەخپىي، مۇرەككەب بولۇپ، ئۇنى «2-دوم» دەپ ئاتالغان سوۋېتلىكلەر باشقۇراتتى.

1946-يىلى فېۋرالدا غۇلجا ئاپىرودروم رادىئوستانسىيەسىگە يۇرۇدچىك ئۇنۋانى بىلەن باشلىق بولۇپ تايىنلىنىدۇ. ئاندىن ئۇ 1947-يىلى شىخوغا ئەۋەتىلىپ شتابتا رادىستلىق قىلىدۇ. 1955-يىلى 1-ئاۋغۇستتا ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.





## ئەخمەتجان مۇسلىموۋ.

ئەخمەتجان مۇسلىموۋ 1927 يىلى نويابىردا ئالمۇتا ۋىلايەت ئۇيغۇر رايونىنىڭ كىچىك ئاقسۇ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1928-يىلى ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئېلىپ ئۇيغۇرستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتى ئىلى ناھىيەسىگە ئورۇنلاشقان. ئۇ 1943 يىلى غۇلجىدا مەكتەپتە ئوقۇپ، شۇ يىلى ئورۇمچىدىكى ھەربى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيدۇ. 1944-يىلى يازلىق تەتىلدە ئۆز يۇرتى ئىلىغا كېلىپ كۆپ ئۆتمەي مىللىي ئىنقىلاب باشلىنىدۇ. ئەخمەتجان پىدائى بولۇپ ئۇلاستايدىكى غېنى باتۇرنىڭ پارتىزان ئوترەدىگە

قوشۇلۇپ غۇلجىدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى ۋە ئېلېكتروستانسىيەسىنى ئېلىش جەڭلىرىدە قاتناشقان. 1945-يىلى ئاپرېلدا مۇنتەزىم ئارمىيە قۇرۇلغاندا ئۇ تېكەس ئاتلىق پولك قوشۇنىدا ستراتېگىيەلىك جاي بولغان ئاچالدىكى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە پۇلېمىيوتچى بولۇپ يېتىشىدۇ. 1946-يىلى سېنتەبىردە قوماندانلىق بۇيرۇقى بىلەن شىمالى يونولوش بولغان ئالتاي تەۋەسىگە ئەۋەتىلىدۇ ۋە ئالتايدا تۇرۇشلۇق تارباغاتاي ئاتلىق پولكىدا ئېسكادرون كوماندىرى بولۇپ تايىنلىنىدۇ. ئۇلۇڭگۇر دەرياسى بويىدىكى چاگىرتى دېگەن جايدا مۇداپىيەدە تۇرىدۇ. ئۇ بىر قانچە قېتىم سارسومبە، ساربۇلاق ۋە ئېرتىش بويلىرىدىكى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىدۇ. 1948-يىلى ئاۋغۇستتا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى بەيتىك تېغىغا يېقىن قازانقۇم دېگەن جايدا گومىنداڭنىڭ گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى خەن تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر ۋزۋود خىتاي چېرىكلىرى. 280 ئات، 4 ھەربى ماشىنىدا ئوق دورا ۋە ئوزۇق-تولۇك نەرسىلەر بىلەن ئىككى مايور دەرىجىلىك خىتاي ئوفىتسېرىنى ئەسىرگە ئېلىپ غەلىبە بىلەن چاگىرتىغا قايتىدۇ.

مانا شۇنىڭغا ئوخشاش جەڭ مۇۋەپپىقىيەتلىرى ئۈچۈن نەخمەتجان مۇسلىموۋ ئىككىنچى دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۆرەش» كۆموش ئوردېنى ھەم ئىككى قېتىم «باتۇرلۇق» مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1949-يىلى فېۋرالدا غۇلجىغا يۆتكىلىپ شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىك مەركىزى ھۆكۈمەت ئىدارىسىنى قوغداش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن ئوپېراتىپ دىۋىزىيون (ئاتلىق باتالىيون)نىڭ كوماندىرى بولۇپ تايىنلانغان.

نەخمەتجان مۇسلىموۋ 1955-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.





## مۇھەممەترەھىمھاجى جۇمەھاجى ئوغلى مېھمانوۋ .

م. مېھمانوۋ 1926-يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغان. 1946-يىلى مارتتا ئىككىنچى ئازات نىشانلىق پولكىدا جەڭچى بولغان ۋە شۇ يىلى يەنسخەيدە ئىككى ئايلىق كىچىك ئوفىتسېرلار تەييارلاش كۇرسىنى ئوقۇپ. لېيتېنانتلىق ئۇنۋانى بىلەن 8-روتىنىڭ قورالىلارنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان. «بىتىم»دىن كېيىن غۇلجىدىكى ئىككىنچى زاپاس پولكقا ئورۇنلاشقان. 1948-1949-يىللىرى مىللىي ئارمىيە باش شتابىدا ئوپېر بۆلۈمدە كاتىپلىق

خىزمىتىنى قىلغان ھەربىي ئۇنۋانى پراپورشىك.
1959-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان.



ئابدۇقادىر بوساقوۋ.

ئابدۇقادىر بوساقوۋ 1927-يىلى قەشقەر ئارتۇشتا تۇغۇلغان. ئۇ ئارتۇشتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغان. 1944-يىلى غۇلجىغا كۆچۈپ كېلىپ شۇ يىلى كۈزدە مىللىي ئىنقىلاب باشلانغان ئىككىنچى كۈنى پىدائىي بولۇپ ھەرەمباغدىكى جەڭلەردە قاتناشقان. ... ئاندىن كېيىن شتابتا ئەلىخان تۆرىگە مۇھاپىزەتچى بولغان.

1946-يىلدىن باشلاپ ھەربىي تەمىنات ئىدارىسىدا بۇغالتېر، كېيىن قاتناش-ترانسپورت بۆلۈم باشلىقى. ئاندىن كېيىن بۇرتالادا ئارمىيەنىڭ تەمىنات ساھاسىدا مەسئۇل خىزمەتلەردە بولغان.

1962-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان.





ئاخۇنباي تارانوۋ.

ئاخۇنباي تارانوۋ 1927-يىلى 2-ماي كۈنى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1934-1944-يىللاردا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1945-يىلى مىللىي ئارمىيەگە پىدائىي بولۇپ كىرىپ، تېكەستىكى سوپاخون پولكىدا، كېيىن غۇلجىدا ئەلىخان تۆرىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى مايور ئۆردۇنوۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە كاتىبات بۆلۈمىدە كاتىپ بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1946-يىلدىن 1947-يىلىغىچە باياندايدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1947-يىلدىن 1949-يىلىغىچە چۆچەكتىكى ئىككىنچى ئاتلىق پولكىدا ۋزۋود كوماندىرى بولغان. ئۇ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قارارى بىلەن «باتۇرلۇق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

1963-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان.




## سېيىت روزىيېۋ

سېيىت روزىيېۋ 1929–يىلى قىرغىزستاننىڭ قاراقول شەھرىدە تۇغۇلغان. شۇ يىلى ئاتا–ئانىسى بىلەن ئۇيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھرىگە كۆچۈپ بارغان. 1936–يىلدىن 1943–يىلغىچە غۇلجا ئاتالىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1945–يىلى ئاپرېلدا يېشى 16 غا توشمىغان بولسىمۇ ھەربىي گوسپىتال قارىمىقىغا ئېلىنىپ، 36 بالىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ ئايلىق تىببىي كۇرسقا ئەۋەتىلىدۇ. كۇرسنى تاماملىغاندىن كېيىن شۇ يىلى ئاۋغۇستتا غۇلجا گوسپىتالىغا ئىشقا ئەۋەتىلدى. كېيىن بورتالادا ھەربىي گوسپىتال



قۇرۇش ئۈچۈن گېنېرال پولېنوۋنىڭ ئاتلىق ئېسكادرونى بىلەن بورتالادا بىر ھەربىي گوسپىتال ۋە يۇقۇملۇق ئاغرىقخانا قۇرۇلدى. (ئۇ چاغدا جىڭ، شىخو، چۆچەكلەر تېخى ئازات قىلىنمىغان ئىدى). 1945–يىلى كۈزدە سېيىت روزىيېۋ غۇلجىغا قايتۇرۇلۇپ ھەربىي فېلدشېرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا كىرىدۇ. بۇ كۇرسنى مۇۋاپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن 1946–يىلى غۇلجىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. سېيىت روزىيېۋ 1955–يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.



## كەشپۇللا ئەخمەتوۋ

كەشپۇللا ئەخمەتوۋ 1927-يىلى ئاپرېلدا قازاقستاننىڭ ئۇيغۇر رايونى چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1933-يىلى ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ بارغان. 1935-1939-يىللىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1939-1942-يىللىرى ئىلى گىمنازىيەسىدە ئوقۇغان. 1943-1944-يىللىرى بىر يىل خىتاي مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1944-يىلى مىللىي ئارمىيەگە پىدائىي بولۇپ كىرىپ تېكەس پولكىدا خىزمەت قىلغان. 1944-يىلى دېكابىردىن 1945-يىلى مايىغا قەدەر قورغاس چېلىپەگزىدە ھەربىي كۇرستا ئوقۇغان

ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ مۇزداۋان ئارقىلىق ئاقسۇ شەھىرىگە بېرىپ خىتايلار بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋە پولك كوماندىرىنىڭ ئاديۇتانتى بولغان. «بىتىم»دىن كېيىن پولك كوماندىرى باي-چۇرىنىڭ قول ئاستىدا شوتىدىكى چېگرادا 1946-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەت قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن 1947-يىلىغىچە غۇلجىدىكى باش شتابتا ھەربىي بۆلۈم قارىمىغىدىكى ھەربىي ئالاقە (پوچتا) ياردەمچى خادىم بولۇپ خىزمەت قىلغان. ھەربىي ئۇنۋانى-پراپورشىك.

1955-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان،





## رەخمەتۇللا قاسىمجان .


رەخمەتۇللا قاسىمجان 1928-يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. 1944-يىلى نىلقىدا مىللىي ئارمىيەگە پىدائىي بولۇپ قوشۇلغان. 1945-يىلى ئارشاڭ ۋە بورتالادىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. 1947-يىلى تېكەس بىرىنچى ئاتلىق پولكىدا جەڭچى بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇ «پىدائىي» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان.



## جامسخان شېرىپ ئوغلى جاپپارخانوۋ .

ج جاپپارخانوۋ 1927-يىلى قورغاس چىلپەگزىدە تۇغۇلغان
1934-1940-يىللىرى مەكتەپتە ئوقۇغان. 1948-يىلى مىللىي
ئارمىيە سېپىگە كىرىپ سويدوڭ. كورد. ساۋەنلەردە ئايرىم
ئاتلىق پولكىدا جەڭچى. ئاندىن كېيىن ۋزۋود كوماندىرىنىڭ
ئورۇنباسارى بولۇپ رازۋېد خىزمىتىدە بولغان.
ھەربى ئۇنۋانى — ئۇنتېر ئوفىتسېر.
1959-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.





## نەزەم ئالىمجان

نەزەم ئالىمجان 1928-يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ
مەكتەپنى تاماملىغان. 1946-يىلى مىللىي ئارمىيە سېپىگە
پىدائىي بولۇپ كىرىپ ساۋەن. يەكسخەي ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.
ماناس دەرياسى بويىدا مۇداپىيەدە تۇرغان. 1948-يىلى سويدوڭدە
14-دىۋىزىيەدە جەڭچى بولۇپ خىزمەت قىلغان.
1959-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.




ھېيتاخۇن ساۋۇت

ھېيتاخۇن ساۋۇت 1922-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغان. 1944-يىلى نىيابىردا مىللىي ئارمىيەگە پىدائىي بولۇپ كىرىپ، ھە رەمباغ، لەگىشاڭ، ئايىرودروم ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1945-يىلى جىڭ. شىخو. يەنسىخەي ئۇرۇشلىرىدا قاتناشقان. ئاندىن كېيىن ماناس دەرياسى بويىدا ئىككىنچى ئازات نىشانلىق پولك تەركىبىدە مۇداپىيەدە بولغان 1946-يىلدىن 1950-يىلغىچە مىللىي ئارمىيەدە روتا ئىنستىرۇكتىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

1955-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.





ئابدۇلباقى ئىبراھىم

ئابدۇلباقى ئىبراھىم 1930-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغان. 1944-1945-يىللىرى غۇلجىدا كىيىم تىككۈچى بولغان. 1946-يىلى مىللىي ئارمىيە سېپىگە پىدائىي بولۇپ كىرىپ تېكەس ئاتلىق پولكىدا جەڭچى كېيىن مالىيە خىزمىتىدە 1950-يىلغىچە خىزمەت قىلغان.

1959-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.



ئابلىمىت ئىسمائىل

ئابلىمىت ئىسمائىل 1917-يىلى 8-يانۋاردا باي ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1928-1934-يىللىرى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ئاندىن ئاقسۇدىكى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ 1935-يىلى پۈتتۈرۈپ 1936-يىلىغىچە باي ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا مۇئەللىملىك قىلغان. 1937-1945-يىللىرى باي ناھىيەلىك خەلق شىركىتىدە باجخانا ئىشىدا خىزمەت قىلغان. 1945-يىلى ئۇ ئاقسۇ تەۋەسىدە ئورۇش قىلىۋاتقان م. ناسىروۋ دىۋىزىيونىنىڭ پىدائىلار بىرىنچى ئېسكادرونىغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان ۋە ئېسكادرون



كوماندىرى ئا. مەمەتوۋنىڭ كاتىبى بولغان. 1946-يىلى 4-ئىيۇندا غۇلجا شەھىرىدىكى كومېنداتۇرىدا ھېساپچى كېيىن خوجىلىق باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1948-يىلى كومېنداتۇرىنىڭ ئىختىسادى ئىشلار بويىچە مۇئاۋىنى بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1949-يىلى 24-نويابىردا پولكوۋنىك م. ئىمىنوۋنىڭ قوماندانلىقىدا جەنۇبىي يونۇلۇش قوشۇنى بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ 1955-يىلىغا قەدەر مىللىي ئارمىيە 13-دىۋىزىيە قارىمىقىدىكى چارۋا فېرمىسىنىڭ باش بۇغالتېرى بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇ «پىدائىي»، «ساداقەت» مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان. ھەربىي ئۇنۋانى — پراپورشىك.

1956-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.



## تۆمۈرچىن قاسىموۋ

تۆمۈرچىن قاسىموۋ 1925-يىلى غۇلجىسىدا تۇغۇلغان. 1945-يىـ
ـلى غۇلجا پولكىدا، كېيىن 2-ئازات نىشانلىق پولكىدا خىزمەت
قىلىپ داخياڭزا. جىڭ ئۇرۇشلىرىدا قاتناشقان. ماناس دەريا مۇدا-
پىيەسىدە 1946-يىلغىچە بولغان.
1960-ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.





## ئابدىرىم سادىقوۋ

ئابدىرىم سادىقوۋ 1926-يىلى تۇغۇلغان. 1945-يىلى مىللىي
ئارمىيە سېپىغا كىرىپ غۇلجا، داخياڭزا جىڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.
1962-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.



## يۇسۇپجان ئەمەتخانوۋ

يۇسۇپجان ئەمەتخانوۋ 1924-يىلى ياركەنتتە تۇغۇلغان. 1944-يىلى زەمبىرەكچىلەر - مىنومىيوتچىلار دىۋىزىئونىدا خىزمەت قىلغان. غۇلجا، سۈيدۈڭ، داخىيانزا، جىڭ، چۆچەك سوقۇشلىرىغا قاتناشقان.

ھەربىي ئۇنۋانى - پراپورشىك.


1962 - يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.





## سابىرجان مەھەممەتھاجىيېۋ

سابىرجان مەھەممەتھاجىيېۋ 1921-يىلى تۇغۇلغان. 1944-يىلى ئىلىقىدا غېنى. پاتىخ باتۇرلارنىڭ پارتىزانلىق قىسىملىرىدا بولغان ئىلقا ۋە غۇلجا ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1962-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.



## كامالىدىن ئاقمۇللايېۋ


كامالىدىن ئاقمۇللايېۋ 1930-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان.
1948-يىلى مىللىي ئارمىيە سىپىدە 2-ئازات نىشانلىق پولكىدا ئۇنىڭدىن كېيىن 1949-يىلى غۇلجا شەھەرلىك كومېنداتۇرىدا خىزمەت قىلغان.
1962-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان.





## ئىبراھىم ئىسمائىلوۋ

ئىبراھىم ئىسمائىلوۋ 1916-يىلى قورغاس - چىلپەڭزىدە تۇغۇلغان.
1944-يىلى سويدۇڭ پارتىزان ئوترەتىدە بولۇپ. سويدۇڭ. كورە. ئارشاڭ. بورتالا. شىخو ۋە تارباغاتاي ئۇرۇشلىرىدا بولغان. ماناس دەريا مۇداپىيەسىدە بولغان.
1955-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان.



مەرۇپ يۇسۇپوۋ

مەرۇپ يۇسۇپوۋ 1923-يىلى ياركەنتتە تۇغۇلغان.

1944-يىلى 2-ئازات-نىشانلىق پولكىدا داخىيانزا. جەڭ سوقۇشلىرىدا قاتناشقان.

ھەربىي ئۇنۋانى – سېرژانت.

1961- يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان





شامىل ئالماسبېكوۋ

شامىل قۇربانقارى ئوغلى ئالماسبېكوۋ 1929-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان.

1937-1942-يىللىرى غۇلجىدا تاتار مەكتىپىدە ئاندىن تېپكەستىكى كورە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1944-يىلى غۇلجا گىمنازىيەسىدە ئوقۇغان. ئۇ 1944-يىلى مىللىي ئىنقىلاب باشلانغاندىن كېيىن ئىنقىلابىي پائالىيەتكە قاتناشقان. 1945-يىلى غۇلجىدىكى ھەربىي تىببىي كۇرسىدا ئوقۇپ. 1946-يىلى شىخەنزە فرونتىغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ ھەربىي فېلدشېر بولۇپ خىزمەت قىلغان.

1947-يىلى غۇلجا ھەرەمباغدىكى 1-ئازات-نىشانلىق پولكىدا فېلدشېر بولغان. شۇ يىلى غۇلجىدا ئۈچ يىللىق تىببىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ 1950-يىلى تاماملىغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك سەھىيە نازارىتىدا خىزمەت قىلغان. ئاندىن 1952-1959-يىللىرى بېيجىڭدا تىببىي ئىنستىتۇتنى ئوقۇغان ۋە بورتالا ئوبلاستلىق دوختۇرخانىدا ۋراچ بولۇپ خىزمەت قىلغان.

1962-يىلى مارتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىققان.



## ئابابەكرى سوپاشېۋ

ئابابەكرى سوپاشېۋ 1926-يىلى 20-مارتتا ئىلى ۋىلايەت سۈيدۈڭ شەھرىدە تۇغۇلغان.

1935-1940-يىللىرى مەكتەپ تەربىيەسىدە بولغان. 1945-يىلى 19-مارتتا مىللىي ئارمىيە سېپىغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان. شۇ يىلى ھەربىي تەمىناتتا (قاتناش ساھاسىدا) شوفېرلىق خىزمىتىدە بولغان.

1945-يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان چېگارىسىدا ھەربىي تاموژنىدا خىزمەت قىلغان. ئاندىن كېيىن جىڭ ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

ئۇ 1962-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان.





## ئامىنە قادىروۋا

ئامىنە قادىروۋا 1924-يىلى 5-مايدا غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1933-يىلغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە، ئاندىن تېرەكمازار مەھەللىسىدىكى خانىقا ۋە قارادۆڭ مەكتەپلىرىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. كېيىن غۇلجا گىمنازىيەسى قارىمىقىدا ئېچىلغان ئۈچ ئايلىق مۇئەللىملەر كۇرسىنى ئوقۇپ دەسلەپ غۇلجىدىكى ئايخان، ئاندىن تائالىيە مەكتەپلىرىدە مۇئەللىم بولغان. شۇ چاغلاردا ئۇ سەنئەتكە ھەۋەس قىلىپ ئۆز تالانتى بىلەن كۆزگە چۈشكە باشلايدۇ. ئۇ، ئۆز ئىجا-

دىنى ئەندىلا باشلانغاندا مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلاب باشلىنىدۇ. خىتاي زۇلۇمىغا قارشى كەڭ خەلق ئاممىسى ئىستىقلالىيەت كۆرەش سېپىگە پىدائىي بولۇپ قوشۇلىدۇ. بۇ ۋەقەلەر ئامىنە ھەدىنىڭ ئاتىسى قادىر مەزىنىگە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ئۆزى پىدائىي بولالاي دېسە، قېرىپ قالغان. باللىرىنى ئەۋەتەي دېسە ھەممىسى قىزلار. دادىسىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى سېزىپ تۇرغان ئامىنە بىر كۈنى ئۆزىنىڭ پىدائىيلىققا بېرىشىنى دادىسىغا ئوچۇق ئېيتتى. قادىر ئاكا قىزىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ خوشال بولۇپ. «پىدائىيلارنى قوبۇل قىلىش ئورنىغا بېرىپ باش-لىقلارغا» ئۆزى ماڭا ئوغۇل بەرمىدى. مۇشۇ قىزىم پىدائىي بولۇپ سېپىڭلارغا كىرمەكچى مەرھەمەت قوبۇل قىلىشىڭلارنى سورايمەن. ئازاتلىقىمىز ئۈچۈن زەررىچە ھەسسە قوشۇپ قالسۇن خوش بولۇپ قالاي» دېدى.

ھەربىي رەھبەرلىك قادىر ئاكىنىڭ ئىلتىماسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئامىنەنى شەپقەت ھەمشىرەلىرى قاتارىدا قوبۇل قىلدى.

1945-يىلى 7-يانۋاردا بولغان ھەرەمباغنى ئېلىش جېڭى بەك قاتتىق بولۇۋاتاتتى. جەڭچىلەر ئوررا دېگىنىچە دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلاتتى. ھەمشىرە قىزلار جەسەتلەرنى توشۇش. يارىدارلارغا دەسلەپكى ياردەم كۆرسە-تىش ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئەنە شۇ قاتتىق جەڭدە ئامىنە بىر جەڭچىنىڭ بېشىنى تېڭىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئوق تېگىپ يارىدار بولىدۇ. ئۇ گوسپىتالدا ئوپېراتسىيە قىلىنىپ توققۇز ئاي داۋالانغاندىن كېيىن ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

ئامىنە ھەدە ئەنە شۇ جەڭلەردىكى پىداكارلىقى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۇنى «ساداقەت» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلىغان. كېيىن غۇلجىدا دۆلەت تىياترى تەسىس قىلىنغاندا ئۇ بىرىنچىلەردىن بولۇپ ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىق پائالىيىتىنى جارى قىلدۇردى!

ئۇ 1959-يىلى قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان.





ئىبراھىم قاسىم

ئىبراھىم قاسىم 1926-يىلى 15-ئاپرېل قازاقىستاننىڭ ياركەنت ناھىيەسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 1932-يىلى ئانىسى ئائىلە باللىنى ئېلىپ غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئورۇنلىشىدۇ.

1944-يىلى كۈزدە غۇلجىدا پىدائىي بولۇپ پارتىزانلار سېپىدە ھەرەمباغ، ئائېرودروم. لەڭشاڭ ئۇرۇشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقان. لېكىن ئوتتۇرىدا بىلەن كەڭساي، سىمپىتوزا ئۇرۇشلىرىدا قاتنىشىپ كەڭسايدا دۈشمەننىڭ تۆرت زەمبىرەك. ئىككى مىنو-

مىۋە ۋە ئورغۇن مىلتىق، پۇلېمىوتلارنى غەنىمەت ئالغان.
ئاندىن كېيىن ئۇ كەگسايدا قىسقا مۇددەتلىك ھەربىي قوراللارنى
ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش كۇرسىنى تاماملىغاندىن كېيىن مىنو-
مىوت ئاۋودچىكى بولۇپ خىزمەت قىلغان. باجاخو، جىڭ سوقۇش-
لىرىغا قاتناشقان. ئىسھاقبېكنىڭ بۇيرىقى بىلەن ئىپلاخۇن
كۆككۆز ئوغلى تۇرسۇنمۇھەممەت باشچىلىقىدا ئىبراھىم قاسىم-
لار دۈشمەن تەرەپكە رازۋېدكىغا ئەۋەتىلىپ، دۈشمەننىڭ
قاراۋۇل باشلىقىنى ئوغۇرلاپ چىقىدۇ. ئىبراھىم قاسىمنىڭ بۇ
جاسارىتى ئۈچۈن «باتۇرلۇق»، «پىدائىي» مېداللىرى بىلەن
مۇكاپاتلانغان. ئۇ يەنە تالدىق، شىخو، مايتاغ، كۈيتۇڭ، يەن-
سىخەي جەڭلىرىدە بولۇپ ماناس دەرياسىغا يەتكەندە ئۇرۇشنى
توختىتىش بۇيرىقى بېرىلىپ ھەربىي يۈرۈش توختاپ قالىدۇ.
ئىبراھىم قاسىم غۇلجىغا قايتىپ 1948-يىلى ھەربىي مەكتەپتە
بىر يىل ئوقۇيدۇ ۋە پودپورودچىك ئۇنۋانىنى ئالىدۇ.
1962-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.





## زىيالىدىن سابىروۋ

زىيالىدىن سابىروۋ 1925-يىلى 23-مارتتا قازاقستاننىڭ ئۇيغۇر ناھىيەسى چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان.

1930-يىلى ئانىسى ۋە ئاكىلىرى بىلەن ئۇيغۇرستاننىڭ نىلقا ناھىيەسىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئۇ نىلقىدا مەكتەپنىڭ 8-سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ ئىككى يىل يېزا مەكتەپلىرىدە مۇئەللىم بولغان. 1944-يىلى نىلقىدا خىتايغا قارشى قوزغالغان ئىنقىلابقا پىدائىي بولۇپ قاتنىشىپ پارتىزانلار سېپىدە نىلقا، ئۇلاستاي، قاراسۇ، غۇلجا ئەتراپىدىكى ئۇرۇشلارغا ئاكتىپ قاتناشقان.

1944-يىلىنىڭ ئاخىرى 1945-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا غۇلجىدا يېڭى تەشكىل قىلىنغان غۇلجا 4-زاپاس پولك تەركىبىدە شۇ يىلى ئاۋغۇستىقىچە ئەشۇ پولكنىڭ بىرىنچى باتالىيون 1-روتىسىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولغان. بۇ جەرياندا ھەرەمباغنى ئازات قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقاندىن كېيىن يېڭى جەڭچىلەرنى ھەربىي تەلىم تەربىيە قىلىش ئىشلىرىنى ئىشلەپ بارغان.

1945-يىلى ئاۋغۇستتا باتالىيون مۇئاۋىن سىياسىي رەھبىرى بولۇپ ئورتا يۇنولوش فرونتىدىكى باجاخو. جىڭ. شىخو ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ 1946-يىلى 6-ئايغا قەدەر يەنسخەي ۋە ماناس بويىدا مۇداپىيەدە. شىخەنزە دالا شتابىدا ۋە شىخودا قورۇلۇش بۆلۈمىنىڭ ئىش باشقۇرۇش خىزمەتلىرىدە بولغان.

1946-يىلى ئاۋغۇستتىن 1949-يىلى مارتقىچە مىللىي ئارمىيە باش شتاب قورۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىنى. 1949-يىلى مارتتىن كېيىن غۇلجا. شەھەر كومېنداتۇرا شتاب باشلىقى بولۇپ خىزمەت قىلغان.ئۇ

1959-يىلى نويابىردا ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كوچوپ چىققان.





ئەخمەتجان ئىبراھىمناخۇن ئوغلى غازىيېۋ

ئە. غازىيېۋ 1929-يىلى 13-ئاپرېلدا غۇلجىدا تۇغۇلغان.

1944-يىلىغىچە تاتلىيە مەكتىپىدە، ئىلى گىمنازىيەسىدە ئوقۇغان. ئۇ 1944-يىلى كۈزدە بىرىنچىلەردىن بولۇپ پارتىزانلار ئوترىدىگە قاتناشقان. 1945-يىلى غۇلجا ئازات-نىشانلىق پولك تەركىبىدە جىڭ. شىخو ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1946-يىلى مايدا ماناس دەريا بويىدىن غۇلجىغا قايتىپ ھەرەمباغدا پولك شتابى كاتىپى، ئىش باشقۇرغۇچى ئاندىن كېيىن مۇئاۋىن شتاب باشلىقى دەرىجىسىگىچە كۆتۈرۈلگەن.

1949-يىلى كۈزدە خىتاي ئارمىيەسى كەلگەندە نارازى بولدى دېگەن ئەيىپ بىلەن قاماققا ئېلىنىپ 5 ئاي ياتقاندىن كېيىن بوشۇتۇلغان.

1960-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.



ئابدۇۋايىت روزى

ئابدۇۋايىت روزى 1926-يىلى 25-مايدا قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇر ناھىيە كەتمەن يېزىسىدا تۇغۇلغان.

1932-يىلى غۇلجىغا كۆچۈپ بارغان. ئايدۇڭ ئاتالىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇغاندىن كېيىن 1942-يىلى غۇلجا مىللەتلەر گىمنازىيەسىدە ئوقۇپ 1944-يىلى پۈتتۈرۈپ. ئايدۇڭ مەكتىپىدە مۇئەللىم بولغان. 1944-يىلى نويابىردا ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن 1945-1946-يىللىرى كەگسايدا زەمبىرەكچىلەر-مىنوميوتچىلار دىۋىزىيونىدا دەسلەپ جەڭچى كېيىن ئەشۇ دىۋىزىيوننىڭ شتاب باشلىقى بولۇپ پودپورۇچىك ئۇنۋانى ئالغان.

1946-يىلى ئوكتەبىردىن كېيىن ئارمىيەدىن بوشاپ غۇلجىدا مەكتەپلەردە مۇئەللىم بولۇپ خىزمەت قىلغان.

ئۇ 1956-يىلى سېنتەبىردە قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان.





ياقۇپجان ئەلىيېۋ

ياقۇپجان ئەلىيېۋ 1928-يىلى 26-دېكابىردا سۈيدۈڭ ناھىيەسى كورە رايونىدا تۇغۇلغان.

مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن 1945-يىلى 7-ئايدا مىللىي ئارمىيە قاتارىغا كىرىپ جىڭ ناھىيەسىنى ئازات قىلىش فرونتىدىكى غۇلجا 2-ئازات-نىشانلىق پولكىنىڭ 2-باتالىيونىدا جەڭچى بولۇپ جىڭنى ئېلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. كېيىن ماناس دەرياسى بويىدا مۇداپىيەدە بولۇپ. 1946-يىلى بىتىمدىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ ھەرەمباغ كازارمىسىغا ئورۇنلاشقان ۋە ئوتدېلېنىيە، ۋزۋودلارغا كوماندىر بولغان. «پىدائىي»، «باھادىرلىق» مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان. كېيىن ئۇ 4-زاپاس پولكىدا يېڭى جەڭچىلەرنى مەشقلەندۈرۈش ئىشلىرىغا قاتناشقان. 1949-يىلى ئۇ غۇلجا تىببىي مەكتىپىگە پولك تەرىپىدىن ئەۋەتىلدى. 1952-يىلى ئوقۇشىنى تاماملاپ جىڭ ۋە بورتالادا خىزمەت قىلغان.

1956-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان.



## ئىسمائىل نازاروۋ

نازاروۋ ئىسمائىل 1920-يىلى 10-سېنتەبىردە غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1928-1935-يىللىرى مەكتەپتە ئوقۇغان. ئاندىن 1944-يىلى 10-ئايغىچە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1944-يىلى كۈزدە مىللىي ئارمىيە قاتارىغا پىدائىي بولۇپ كىرىپ 1-تېپكەس ئاتلىق پولكىدا خىزمەت قىلغان. ئۇ ھەرەمباغ. لەكشاك. چاپقانسيۇت. ئاچال. جىڭ. شىخو ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. كېيىن مۇز داۋانىدا مۇداپىيەدە تۇرغان. ئۇ يەنە 1952-يىلىغىچە ئىلى ھەرەمباغ زاپاس پولكىدا خوجىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ 1960-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.





## غازى ئىسمائىلوۋ

غازى ئىسمائىلوۋ 1926-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان.

1943-يىلىغىچە مەكتەپ تەربىيەسىدە بولغان. ئاندىن بىر يىل مۇئەللىملىك قىلغان. 1944-يىلى نويابىردا مىللىي ئارمىيە قاتارىغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان. كەكساي زەمبىرەك دىۋىزىئونىدا. «2 ئازات نىشانلىق» پولكىدا جىڭ. شىخو. يەنسخەي ئۇرۇشلىرىدا قاتناشقان.

1946-يىلى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ زاپاس پولكىنىڭ 3-باتالىيونىدا شتاب خىزمىتىدە بولغان.

ئۇ «ساداقەت» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ھەربىي ئۇنۋانى — پودپورۇدچىك.

1959-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىقتى.



## ئابلىمىت بەكرىيېۋ

ئابلىمىت بەكرىيېۋ 1928-يىلى قازاقىستاننىڭ ياركەنت ناھىيەسىدە تۇغۇلغان.

1932-يىلى ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ بارغان.

1944-يىلغا قەدەر ئائىلە ۋە مەكتەپ تەربىيەسىدە بولغان.

1945-يىلى ئوكتەبردە مىللىي ئارمىيە قاتارىدا پىدائىي بولۇپ قوشۇلغان ۋە شۇ يىلى ماناس دەرياسى بويىدا 2-ئازات-نىشانلىق پولكىدا (فېدايېۋ كوماندىرلىغىدىكى) شۇتوۋ باتالىيونىدا جەڭچى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

1946-يىلى غۇلجىدا باش شتابنىڭ مۇھاپىزەت قىسمىدا خىزمەت قىلغان. ھەربىي ئۇنۋانى - ئۇنتېرئوفىتسېر.

1955-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.





## مېجىتاي يۇسۇپوۋ

مېجىتاي يۇسۇپوۋ 1932-يىلى ئۇيغۇرستاننىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتى دۆربىلجىن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1948-يىلغا قەدەر ئائىلە ۋە مەكتەپ تەربىيەسىدە بولغان. 1948-يىلى 16 يېشىدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى قاتارىغا پىدائىي بولۇپ قېتىلغان. 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تارباغاتاي 3-ئاتلىقۇچى پولكىنىڭ مىنومىيوت باتارېيەسىدە ئاددىيتىكى جەڭچى، ناۋودچىك بولۇپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن غۇلجىغا كېلىپ 5-كورپۇس 14-دىۋىزىيە سىياسىي باشقارما تەشۋىقات بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان.

1962-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.



ئابدۇرۇسۇل توختىيېۋ

ئابدۇرۇسۇل توختىيېۋ 1924 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1944 - يىلىغا قەدەر ئائىلە ۋە مەكتەب تەربىيىسىدە بولغان. 1944 - يىلى نويابىردا پىدائىلەر سېپىدە گومىنداڭنىڭ باش شتابىنى ئېلىش، باش ساقچىنى ئېلىش جەڭلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان. شۇنداقلا ئارشاڭ، جىڭ ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن، كەڭسايدىكى 3 - ئايلىق ھەربىي كۇرستا ئوقۇغان. سەنتەي، ستەي ۋە قوش ئەمچەكلەردىكى شىددەتلىك جەڭلەرگە قاتناشقان. ئۇ غۇلجا ھەرەمباغ جېڭىدە ئالاھىدە باتۇرلۇق كۆرسەتكىنى ئۈچۈن «3 - دەرىجىلىك ئىستىقلال» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1955 - يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققان.





مامۇتخان ئابىتوۋ

مامۇتخان ئاللاقۇلھاجى 1914–يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ بورتالا ئوبلاستى جىڭ ناھىيە داخيانزى يېزىسىدا تۇغۇلغان. شۇ يۇرتتا دىنى ۋە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1944–يىلى كوزدە ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلقا تەۋەسىدىكى پارتىزانلار رەھبىرى فاتىخ مۇسلىموۋقا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ ئالا قىلىشىپ داخيانزى ئەتراپىدىكى تاغلىق جايلاردا پارتىزان توپلىرىنى تەشكىللىگەن. 1945 يىلى فېۋرالدا بورتالادىن كەلگەن بارات



تېيىپ ئىدرىسوۋ

ئۇ 1922-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1944-يىلى 7-نويابىردە غۇلجىدىكى مىللىي-ئازاتلىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان. ئۇ يەنە ئىلىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى جەڭلەردىمۇ ئىشتىراك قىلغان. 1945-يىلى 8-ئاپرېلدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندا ئۇ غۇلجا 4-زاپاس پولكتا جەڭچى بولغان. شۇ يىلى سېنتەبىردە جىڭ ئورۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ «پىدائىي» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1946-يىلى بىتىم ۋاقتىدا ئارمىيەدىن بوشىتىلغان. 1947-يىلى ئوكتەبىردە قايتا چاقىرىلىپ ساۋەندىكى جەڭلەردە پائال قاتنىشىپ «باھادىرلىق» مېدالى بىلەن تەقدىرلەنگەن. 1949-يىلى ئارمىيەدىن بوشىتىلغان. 1955-يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سوۋېتكە كۆچۈپ چىققان.





ساۋۇتهاجى ئابدۇلباقىيېۋ

ساۋۇتهاجى سۇلايمان ئوغلى 1923-يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى قورام يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1930-يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ بارغان. 1944-يىلى مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەتكە قاتنىشىپ، خىتاي ئەسكەرلىرى ئورۇنلاشقان سكلاد، ئېلېكتروستانسىيە، لەڭشاڭ، ھەرەمباغ، ئايرودروم قاتارلىق جايلاردىكى جەڭلەردە قاتنىشىپ، بۇ ئورۇنلار ئازات بولغاندىن كېيىن 1945-يىلى مۇنتەزىم ئارمىيە قۇرۇلغاندا زەمبىرەك دىۋىزىيونىدا جەڭچى بولغان، ھەمدە كەڭساي، جىڭ، شىخو، يەنسخەي، ساندىخوزا قاتارلىق ئورۇنلاردىكى جەڭلەرگە قاتناشقان. 1947-يىلى 7-ئايدا ئائىلە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئارمىيەدىن بوشىتىلغان.

1955-يىلى ئائىلىسى بىلەن سوۋېتكە كۆچۈپ چىققان.



پەخىردىن ھەلىموۋ

ئۇ 1927-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1944-يىلى غۇلجا مىللەتلەر گىمنازىيەسىنى تاماملاپ، شۇ يىلى 11-ئايدا مىللىي-ئازاتلىق ئىنقىلابقا پارتىزان بولۇپ قاتنىشىپ، 1947-يىلى 1-ئايدا رادىستلىق كۇرسىنى تاماملىغان ۋە پراپورشىك ئۇنۋانى بىلەن رادىست بولۇپ. 1949-يىلى 8-ئايدا ئاتىسى ۋاپات بولغانلىقتىن ئارمىيەدىن زاپاسقا بوشۇتۇلغان.

1958-يىلى 10-ئايدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان.




پالۋان، ئىسلامهاجى، ھاشىر ۋاھىدىلار يېتەكچىلىكىدىكى پارتىزان ئوترەدى بىلەن بىللە داخيانزىنى خىتاي ئەسكەرلىرىدىن ئازات قىلىشقا ئاكتىپ قاتناشقان. شۇ جەڭلەردە ئۇنىڭ ئىنىسى تاجاخۇن قۇربان بولغان. 1945-يىلى سېنتەبىردە جىڭ ئازات بولغاندىن كېيىن ئۇ ھاكىمىلىققا تايىنلانغان ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا زور تۆھپە قوشقان. 1950-يىلى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن «پانتۈركىست» دېگەن تۆھمەتنى چاپلاپ ئۇرۇمچىدىكى تۈرمىگە قاماپ ئازاپلىغان. 1955-يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان.



تۇرسۇنمۇھەممەت بەشىرى

تۇرسۇنمۇھەممەت ھەسەن ئوغلى 1924-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1944-يىلى 10-ئايدىن 1946-يىلى 10-ئايغىچە ئارشاڭ ۋە موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىرىدە يەرلىك سانائەت خام ئەشيالىرىنى قوبۇل قىلىش پۇنكىتىدا خىزمەت قىلغان. 1946-يىلى 10-ئايدىن مىللىي ئارمىيە ئارقا سەپ تەمىنلەش باشقارمىسىدا بۇغالتىر. پىلان-مالىيە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1962-يىلى سوۋېتكە كەلگەن.





ئۆمۈراخۇن ئابدۇللايېۋ

ئۇ 1924-يىلى 15-فېۋرالدا غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1944-يىلى كۈزدە مىللىي ئارمىيەگە پىدائىي بولۇپ كىرىپ 2-پولك 3-ۋزۋودتا غۇلجا، ھەرەمباغ، ئايرودروم، ئاچال، يەنسخەي، جىڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1946-يىلى ئىيۇلغىچە ماناس بويىدا مۇداپىيەدە بولغان. شۇ يىلى ئاۋغۇستتىن باشلاپ غۇلجا، ھەرەمباغدا مىللىي ئارمىيە سېپىدە بولغان. 1946-يىلىنىڭ ئاخىرى ئارمىيەدىن بوشانغان.

ئۇ 1955-يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ كەلگەن.



ئەمەت ئەيسا

قەشقەر توققۇزاق ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1945 - يىلى ئەتىيازدا گومىنداڭنىڭ مايتاغدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسمىنىڭ روتا كوماندىرى سوپاخۇن سوپىيېف يېتەكچىلىكىدە 100 گە يېقىن جەڭچى، ئوفىتسېر بىلەن بىللە ئىسيان كۆتۈرۈپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىرى شىخونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ يولى ئارقىلىق بورتالاغا يېتىپ كەلگەن ۋە مىللىي ئارمىيەگە قوشۇلغان. شۇ يىلى يازدا جەنۇبىي فرونتتا سوپاخۇن ئەترىتى تەركىبىدە ئاتلىنىپ، باي، قورغان، ئاقسۇ كونا شەھەر ئۇرۇشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقان. كېيىن مەزكۇر قىسىم بىلەن بىللە ئىلىغا قايتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن خىتايلارنىڭ ئۆچ ئېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ سوۋېتكە كېلىشكە مەجبۇر بولغان.

(1960 - يىل)




ئاۋتور

تۇرسۇن ئىسلام نىياز ئوغلى


قانۇنچى ۋە ھوقۇقشۇناس تۇرسۇن ئىسلام 1936 - يىلى غۇلجىدا دۇنياغا كەلگەن. 1952 - 1954 - يىللىرى ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك سودا - ئىقتىساد تېخنىكومىنىڭ ئىقتىساد بۆلۈمىنى، 1966 - 1972 - يىللىرى قىرغىزىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكولتېتىنى تاماملىغان.

1972 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە قىرغىزىستاندا ئادۇكاتلىق قانۇن مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1997 - يىلى بىشكەكتە «ئىنسان ھوقۇقىنى قوغداش ۋە «دېموكراتىيە» تەشكىلاتى» نى قۇرغان.

1998 - يىلى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

1999 - يىلى ميۇنخېندا ئۆتكۈزۈلگەن «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى»نىڭ باش تەپتىشى بولغان.

2000 - يىلى نويابىردا ئېستونىيەنىڭ تاللىن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىغا»، 2001 - يىلى بىلگىيەنىڭ پايتەختى بروكسەلدە ياۋروپا پارلامېنتى بىناسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئىنسان ھەقلىرى ئىلمىي كونفرانسىيىسى قاتارلىق خەلقئارالىق چوڭ يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ۋەتەن داۋاسىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى، ئىزدىنىشى ۋە مول ماتېرىيال توپلاپ ئەجىر سىڭدۈرۈشىنىڭ مەھسۇلى.